

# سۆيگۈ تۇغقان خىياللار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# سۆيگۈ تۇغقان خىياللار

(شېئىرلار توپلىمى)

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزگەن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەھەممەت ئايۇپ

# سۆيگۈ تۇغقان خىياللار

(شېئىرلار)

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى
تەھرىر بۆلۈمى تۈزگەن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54 )
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 4.375
1991 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1991 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 —— 1,500
ISBN 7 — 228 — 01867 — 2/I·627
باھاسى: 1.00 يۈەن

# تۈزگۈچىدىن

بۇ توپلامغا ئون يىلدىن بۇيان «قومۇل ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغان يەرلىك ئاپتورلىرىمىزدىن 31 كىشىنىڭ 61 پارچە شېئىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى..

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى مىسلىسىز زور ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، قومۇلنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشلىرىدىمۇ جۇش ئۇرۇپ يۈكسەلگەن مەنزىرە بارلىققا كەلدى. «قومۇل ئەدەبىياتى» ئەتراپىغا ئۇيۇشقان نۇرغۇن ئاپتورلىرىمىز ئون يىلدىن بېرى قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ، يۇرتىمىزنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى، ئىسلاھات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلارنى مەدھىيىلىدى. ناچار ئىش، ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلدى ۋە تەنقىد قىلدى. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن سىياسەتلىرىنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق تەشۋىق قىلدى.

قومۇلدىكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەت بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، نۇرغۇن ھەۋەسكارلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر لىرىك ھېسسىياتى ئارقىلىق يۇرتىمىزنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتلەپ بەردى.

توپلامدا ئا. خوجا، ئا. ئۆتكۈر قاتارلىق ئاتاق-

لىق شائىرلىرىمىزنىڭ قۇمۇلغا بېغىشلانغان بىر قىسىم شېئىرلىرى، شۇنداقلا قۇمۇل دىيارىدا يېتىلىپ ئىجادىيەت گۈلزارىدا ئەمدىلا چېچەكلەۋاتقان ياش ھەۋەسكارلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ بار.

بۇ توپلام يۇرتىمىزدىكى قەلەمكەشلەر قوشۇنىنىڭ زورىيىشى ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى.

بىز بۇ توپلامنى ئىشلەشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋە بىزگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قولىنى سۇنغان يۇرتىمىزدىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

بۇ توپلامنى ئايشەم ئەخمەت، ئەخمەت ھەمدۇللا نەشرگە تەييارلىدى.

# مۇندەرىجە


**ئابدۇكېرىم خوجا**

قۇمۇل ئىلھاملىرى ........................ 1

چېچەك ........................................

قىلدىلا ........................................

**ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر**

خۇشلۇقۇم ................................ 11

خۇش مۇبارەك بۇ ئىشىك ..................

**غۇلام غوپۇر**

پەرھادنى كۆردۇم ............................ 14

ياز ............................................. 18

**ئابدۇللا ئەھمەدى**

تايزاك غارلىرى ............................. 20

**ئابدۇراخمان كېرەم**

يېڭى دەۋر ئاچتى قۇچاق ................... 22

نۇر چاچسۇن قۇمۇل روھى .................. 22

**توختىخان ئىسمايىل**

كەلدىم ........................................ 24

كۆلگە تولسۇن ئۆمۈر بېغىم ................. 25

**ئېلى زاھىت**

بولۇر ........................................... 27

ساقلىنارسەن دىلدا ئەبەد ........................ 27
**مۇھەممەت ئەخمەت**
ئەلۋىدا ........................................ 29
بىر تۆرىنىڭ تۇۋىنامىسى ........................ 32
**ئەخمەت ئىمىن**
مېنىڭ يۇرتۇم ................................. 36
مۇھەببىتىم .................................... 37
بۇ يوللار تۈگىمەيدۇ ھېچ ........................ 38
بۇلاق .......................................... 39
**ئابدۇللا تۇرسۇن**
كۆڭلۈك كەڭ، مېھرىگىدۇر قۇياش .................. 41
مۇقام بۇلبۇلى .................................. 43
ھەسرەت ......................................... 44
**نەمەت ناسىر**
گۇلخۇمارغا ...................................... 47
رۇبائىيلار ........................................ 48
ئەلگە ئۈمىد بېغىشلار باھار ...................... 52
**تۇرسۇن ھەسەن**
بوستاندا توي ................................... 55
**ئىسمايىل ئىبراھىم**
ئارىتام ........................................... 57
**ئارسلان تالىپ**
كۆلكە .......................................... 60
قەلەمدىن خىتاپ ................................. 60
**ئابلىز ئۆمەر ھاجى**
سۆيگۈ تۇغقان خىياللار .......................... 62

**ئەخمەت سەيدۇللا**
باھار ناخشىسى ........................ 71
**ئوبۇلقاسىم توختى**
كۆز ........................ 73
تۇيغۇلار ........................ 74
**غېنى ياقۇپ**
ئىستىقبال ئۈچۈن ........................ 76
ۋەتەن ئىشقى ........................ 77
**ئۆمەر تالىپ**
يېزامدا كۈز ........................ 78
**بەگمەت يۈسۈپ**
نورۇز كېچىسىدىكى چۈش ........................ 80
تۇرا ........................ 83
**ئابدۇكېرىم سوپى**
نومۇس ........................ 85
**ھۆرىيەت راخمان**
مەھمۇتنىڭ تېغى ........................ 88
ھاي ـ ھاي تېرەك ........................ 89
**يۈسۈپ كېرەم**
بوۋامغا سوئال ........................ 91
**ئۆتكۈر يۈنۈس**
ھەسرەت ........................ 93
**مۇھەممەت ياقۇپ**
دېمە ........................ 95
چىن مۇھەببەت ........................ 96
**ئىمرال تۇرسۇن**

كەلدىم ...... 97

دەريا بويىدا ...... 98

**زورەم زىكرىيا**

چاقنىغان يۇلتۇز ...... 99

**سەمەت ئابدۇراخمان**

كۆزلىرىڭدىن ...... 104

ۋەدە ...... 104

ئىزلىرىڭدىن ...... 105

قۇمۇل قىزى ...... 105

**ھەمىت تەۋەككۇل**

باشقىدىن ...... 107

يۈرەك ناخشىسى ...... 108

**ئەركىن ئەمەت**

بەختىڭنى تاپ ...... 109

تۇيۇقلار ...... 109

**ساتتار سالى**

ياشلىقىمىڭ ...... 111

**ئەخمەت نەمەنشا**

پەن مېنىڭ يارىم ...... 112

گۈلگە بۇلبۇل كېرەك ...... 311

**كېرەم ئابلىكىم**

مەكتىپىم ...... 114

**يۇسۇپ ئىسھاق**

چىمەن دوپپا ...... 115

**ئەخمەت ناسىر**

پارچىلار ........................................ 117
**پاتىگۈل سەمەت**
گۈزەل يۇرتۇم ........................................ 120
**ئىسمايىل مۇھەممەدى**
مەن ئۆلدۇم ........................................ 122
**ئەمەت ئابدۇراخمان**
يۇلتۇزغا قاراپ ........................................ 124
**ئىسرائىل كېرەم**
ئىناق بولسا ........................................ 125
**ئىپارگۈل داۋۇت**
ئىتتىپاقلىق كۈيى ........................................ 127
**ئىسمايىل ئەھەت**
كۆر مېنى ........................................ 128
**رەيھانگۈل غوجابدۇل**
چېچەك ۋە مەن ........................................ 129

ئابدۇكېرىم خوجا

# قۇمۇل ئىلھاملىرى

## قوڭغۇراق

تال بېشىدا تۇرىدۇ بىر قوڭغۇراق،
تاڭدا، يامغۇر — يادىدا غۇربەتسىراپ.
مەڭزىدىن شۇرغۇيدۇ ياش تارام - تارام،
تىلى لال، كۆڭلى سۇنۇق، باغرى كاۋاپ.
قارىسام، تاڭدىن بۇرۇن تەۋرەپتۇ يۇرت،
ئېتىزىغا بىر - بىرىدىن ئالدىراپ.
ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ بۇلۇڭدا قوڭغۇراق،
بۇيرىقىغا تۇرمىغاچ ھېچكىم قاراپ.
ۋەجىنى ئۇقتۇم شۇدەم كۆز يېشىنىڭ،
بەلكى ئىشسىزلىق ئاڭا ساپتۇ ئازاب!

## ئۆي

مەن بىلەن كېلەتتى توختى ئۆمىدىن،
يول بويى سوقۇپ پاراڭ بار - يوقىدىن.

مەن ئاڭا سوئال بېرەتتىم پاتىمۇ پات،
ھەم تولۇق بىلمەك بولۇپ ئاچ-توقىدىن.
ئۆتتى بىر ئۆي ئالدىمىزدىن ئاڭغىچە،
بەلكى ئويناقلاپ چۆشۈپ دۆك-يوتىدىن.
قايتۇ پاتماي قىنىغا بەك شادلىنىپ،
يېڭى چىققاندەك ئېغىلدىن — سوقىدىن.
«نېمە ئانچە دىخ بولۇپ كەتكەندۇ؟» دەپ،
سورىسام قىزىقسىنىپ مەن توختىدىن،
دەيدۇ توختى «ۋەجى بەك ئاددى ئۇنىڭ،
ئۇيمۇ قۇتۇلدى ئەمەسمۇ نوقتىدىن.»

## خاماندا!

ئولتۇرار خامان بېشىدا بىر دېھقان،
زوڭزىيىپ بىر تۈپ تېرەككە يانمۇ يان.
ساقىلى قاپتۇ ئۆسۈپ ئېگىز بولۇپ،
ئۈستىدە تېخى ئۇنىڭ ياماق چاپان.
باققىنىچە ئولتۇرۇپتۇ چەشكە ئۇ،
تۆكىلەر ۋۇجۇدىدىن كۈلكە ھامان.
ئاستىدا ئۇنلاپ تاغارى بار تېخى،
بۇنچە كۆپ ئاشلىقنى، تاڭ، قويار قايان؟!
ئۆز-ئۆزىگە كۆپ پىچىرلاپ دەيدۇ ئۇ:
«ئۆرگىلەي يېڭى يولۇڭدىن كەڭ زامان!
دۇينىمۇ، دۆلەتنىمۇ قىلدىم رىزا،
كۆتۈرۈلدى ھەم كۆڭۈلدىن شەك - گۇمان.
ماڭغۇلۇقتى باشتىلا شۇ يول بىلەن،

بەختىمىز گۈلزارىنى قىلماي خازان.
ھېلىمۇ مىڭ مەرتىۋە شۈكرى ساڭا،
مۈشكىلىمنى سەن كېلىپ قىلدىڭ ئاسان.
سېنى قويماسمەن، زامانەم، نا ئۈمىد،
مۇشۇ يولدا بولسىلا بېشىم ئامان.»

## ئۈزۈم پىشقاندا

قاپتۇ ئۈزۈمۇ پىشىپ سالا ـ سالا،
مەي تۇتۇپ، شەربەت تۆكۈپ تەك ئاستىدا.
خۇددى كۆردۈم ئاندا مەن يار كۆزىنى،
ئەنە مۆلدۈرلەپ تۇرار ياپراق ئارا،
بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كەلسەم شۇيان.
يۈتتى يارىمىنىڭ كۆزى بارا ـ بارا،
تېخى ئۈزۈم پىشمىغاندا دەپ ئىدى:
«بار ـ يوقىمنى ئاتىدىم بىرلا ساڭا.»
ئەمدى پىشقاندا ئۈزۈم يار ئۆزى يوق،
تېخىچە باغرىم كاۋاپ، قەلبىم يارا.

## تاشنىڭ تەقدىرى

تاشلىرى قالغايتىنىڭ① گادا ـ گادا،
ياتىدۇ غول ئىچىدە ئالا ـ بۇلا.
چوڭى ئۈيچە، كىچىكى قويچە ئۈنىڭ،
كەپتۇ ئۇخلاپ مىڭ ئەسىر ئارام خۇدا.

① قالغايتى — قۇمۇل شەرقىي تاغ يېزىسىدىكى جاي ئىسمى.

ئارىدا چىققاندا بىر تەتۈر قۇيۇن،
كەپتۇ تاش بېشىغىمۇ مىڭ بىر بالا.
قۇردىمىز «داجەيچە دادۇي» دەپ شۇ چاغ،
ئاپتۇ يۆتكەپ تاشنىمۇ ئۈچ يىل ئۇدا.
مەيلىغۇ يۆتكەلسىمۇ تاش ئورنىدىن،
بولمىسىلا يۇرت تۇزۇپ، خەلقىم ئادا.
تاشمۇ، ئادەممۇ كېتىپ ئۆز ھالىدىن،
تاسلا قاپتۇ بولغىلى جاندىن جۇدا.
ئەمدى راۋرۇس تۈزۈلۈپ كەلدى زامان،
ئۆتتى ھەر ئىش پەن - ئىلىمنىڭ قولىغا.
«تاش ئەزىز چۈشكەن يېرىدە» دەپتىكەن،
يەردە قالماس ھېچقاچان تاشمۇ بۇدا.
بار ئىكەن قالغايتىلىق بۇندا ھايات.
بەربىر تاش بولغۇسى ئالتۇن گويا،
بۇ ئۇلۇغ زامانىمىزغا ھۆل بولۇپ،
قىلغۇسى ئۆز قەرزىنى چوقۇم ئادا!

## ئاندىن گۈزەل

ئۈستى قىش قالغايتىنىڭ ئاستى باھار،
قويىنىدا گۈلباغى ئەدناندىن گۈزەل.
نەكى ئەدنان، ئەسلى بىر ئەپسانە ئۇ،
جانغا راھەت بەخش جاڭنەندىن گۈزەل.
سۈلىرى كەۋسەر، ئۇنىڭ دىلغا شىپا،
ھەم ئىپار ھاۋاسى، رەيھاندىن گۈزەل.
يىگىتىنىڭ قەلبى ئاسماندىن سۈزۈك،

قىزى ئاسمان كۆركى چولپاندىن گۈزەل.
قىزنى جانان، دېسە يىگىت، دەيدۇ قىز:
« ئەمما جانانغا ۋەتەن جاندىن گۈزەل. »
شۇڭا دەيمەن، بۇ گۈزەل يۇرت ئەھلىنىڭ،
كۆڭلى دەريا، نىيىتى، ئاندىن گۈزەل.

## ساۋاق

غول ئىچى قالغايتىنىڭ قېلىن تېرەك،
تىككىنە تارتىپتۇ بوي ئاسمان پەلەك.
كەپتۇ يۇرت كۆركى بولۇپ ئالاي ئەسىر،
توپ ياشاپ، بىر - بىرىگە ھەمدەم يۆلەك.
بىر تۈپى يەردە يېتىپتۇ يىقىلىپ،
يۆلىسەك ئاسمانغا ھەم بولغاي يۆلەك.
ئەمما بوران ئاپتۇ يانپاشقا ئۇنى،
ياشىغاچ قىر بېشىدا توپتىن بۆلەك.
تەقدىرى بەردى ئۇنىڭ ماڭا ساۋاق،
چىن ھاياتتىن بىر ئۆمۈر دەرس بولغۇدەك.

## گۈل ۋە مۆلدۈر

ياغدى مۆلدۈر بى تۇيۇق باغ ئارىلاپ،
توزىدى گۈل بەرگى، بولدى گۈل خاراپ.
چۈشتى، ئەمما، ئۇردى تۇپراق ئارا،
غوزىكىدىن تۆكۈلۈپ ھەريان تاراپ.

قالدى ئۆلمەسكە ئۈمىد يەر قوينىدا،
كەلگۈسى پۈتمەس باھار يەر باغرىلاپ.

## ھەممىدىنمۇ تىل يامان

« چىقىۋالدى مېنى قالغاي① » دەپ ئامان،
كىردى ئۆيگە پۈتىنى سۆرەپ ئاران.
«تۇر، — دېدىم، — بولساڭ يىگىت ئەرلىككەل،
بىر چېقىمغا يىغلىما بۇنداق ئاسان!
پۈتتى قالغاينىڭ كۈنىمۇ، كەلدى كۈز،
بولغۇسى نەشتەرى كۆل، غولى سامان.
چاقسا قالغاي ئاغرىقى چاغلىق، بىراق،
بىل، چېقىشتا ھەممىدىنمۇ تىل يامان!»

## ئاتا ئىزلىرىنى ئەسلەپ

شاتۆمۈرنىڭ② دۆڭىگە چىققاندا مەن،
تاش كۆرۈندى ئاندا چۆككەن تۆگىدەك.
ئالدىدا تاشنىڭ تۇراتتى ئوق ئىزى،
كەينىدە قاندىن قېنىق بىر توپ چېچەك.
سايرىشار تورغاي قونۇپ تاش بېشىدا،
ئۈچىشار ئەگىپ چېچەكنى كېپىنەك.
شۇندا كەتتىم بەك ئۇزاق تارىخقا مەن،

---

① قالغاي — چاققاق ئوت.

② شاتۆمۈر — تارىختا ئۆتكەن شەخسنىڭ نامىغا قويۇلغان دۆڭ. بۇ جايدا تالاي قېتىم قاتتىق جەڭ بولۇپ ئۆتكەنىمىش.

كى تىكەن ئۈزرە بېسىپ يالاڭغداق.
باردىمەن ئارىلاپ گويا جەڭگاھسېرى،
ھەم يۇتۇپ ئىچىمگە ئاچچىق ئىس - تۈتەك.
ئاقىدۇ ئالدىمدا قانلار سەل بولۇپ،
ياتىدۇ باشلار بولۇپ تەندىن بۆلەك.
كۆرگىنىمدە بۇ رەھىمسىز ھالنى مەن،
كەتتى باغرىم خۇن بولۇپ، پۇچۇلۇپ يۈرەك.
تەركى ئۆي كەلسەم ئۆزۈمگە ئاخىرى،
كۆز يېشىمدىن نەملىشىپ قاپتۇ ئېتەك.
سۈگرە، باقسام بۇرۇلۇپ ئالدىمغا مەن،
زەپ گۈزەل كۆرۈندى گۈلدەك كىبلەچەك.
پارلىدى ھەم بۇ كۆكۈل ئاسمانىمدا،
ئىستىكىم ئوبرازى تاڭ قۇياشىدەك.

## كۈتىمەن سەندىن جاۋاب

باققا كىرسەم تۇرىدۇ ئاپتاپپەرەس،
شۇنچە گۈللەر ئالدىدا يەرگە قاراپ.
بېشى چۈشكەن ئېگىلىپ كۆكسىگىچە،
ياپرىقى سولغۇن ئۇنىڭ ھالى خاراب.
نېمە دەرد كەلگەندۇ كۈزدە بېشىغا،
كۈنى - تۈن ئۇ چەككىلى بۇنچە ئازاب؟
خۇش قىلالماي ئاينى يا، ئاپتاپنى يا،
سارغىيىپ تۇرغانمىدۇ خىجىلسىراپ؟
ۋەجىنى ئۇقالمىدىم تۈزۈككىنە،
ئەي كىتابخان، كۈتىمەن سەندىن جاۋاب.

## بۇلۇت

شىشىدەك ئاسماندا ئالقانچە بۇلۇت،
ئۈزىدۇ بويلاپ پەلەك، سەرسانە ئۇ،
تەمتىرەپ يۈرگەن ئېزىپ بىر پەي گويا،
ئېگىسىدىن ئايرىلىپ، يىگانە ئۇ.
مەن زېمىندا، ئۇ مۇئەللەقتە شۇ دەم،
قونغىلى ماكانى يوق، ۋەيرانە ئۇ،
شۈكرى، ماكانىم ئېنىق، زاتىم تولۇق،
ھەمدە بىر شاھزادىمەن، دىۋانە ئۇ.

## ئالدىدا

بولما تۈزكور ھەرقاچان تۈز ئالدىدا،
بىھۇدە سىر ساقلىما ئۆز ئالدىدا.
ئەمما، بىلكى، چوڭ ھاماقەتلىك بولۇر،
پاش قىلىش سىرىڭنى ئاچكۆز ئالدىدا.
نام، ھوقۇق، مەي ۋە كاۋاپنى چوڭ بىلۇر،
پەن ـ ئىلىم، شېئىر ۋەھەق سۆز ئالدىدا.
پەيتى كەلسە ئاڭا دۇردۇنۇ تاۋار،
جېنىدىن ئەلا، ماتا ـ بۆز ئالدىدا.

## شۈكرى

شۈكرى، ئۆگىدىن كەلدى بەختىم ـ تەلەيىم،

تاشلىۋەتتى مېنى مەيخور ئۆلپىتىم.
مەست ۋە پەسلىكتىن قۇتۇلدۇم بىر يولى،
شور بېشىمدىن كۆتۈرۈلدى كۆلپىتىم.
ئەمما، تەگرى قىلمىسۇن ئەلدىن يىراق،
قالغىنىم ئەل سىرتىدا — شۇ ئۆلگىنىم!

1982 - يىل، قۇمۇل — ئۈرۈمچى.

## چېچەك

(«قۇمۇل ئەدەبىياتى» غا بېغىشلايمەن)

يۈرىكىم يۇرتۇم سايان تېپچەكلىدى،
چىقتى دەپ ئاڭلاپ قۇمۇل چېچەكلىرى.

قەلبىمدە تۇرسۇن نېچۈن جىم، تەۋرىمەي،
كۆلىسە خەلقىمنىڭ ئۈمىد - تىلەكلىرى.

ھەر قاچان بۇلبۇلغا باغۇ گۈل كېرەك،
بولمىسا چۆل - دەشتىدۇر يۈرەكلىرى.

گۈلگىمۇ شامۇ سەھەر بۇلبۇل كېرەك،
بولمىسا كۆلگەيمۇ گۈل پورەكلىرى.

ئەمدى قەلەمداشلىرىمنىڭ تىنىمىغاي،
بۇ چېچەك ئىشقىدا قول - بىلەكلىرى.

ياڭرىغاي ئۆرلەپ تېخىمۇ ئەۋجىگە،
يېڭى سوتۇقتا قۇمۇل غىجەكلىرى.

شاخ - شېخى، مەي باغلىغاي مېۋە تۇتۇپ،
يىلمۇ يىل ئەلنىڭ تولۇپ ئېتەكلىرى.

ئۇسسۇغانغا ئۇسسۇلۇق بولغاي ھونۇز،
ۋاقتىدا قوغۇن بولۇپ خەمەكلىرى.

شۇ چېچەكتىن ئاڭلىغاي كومپارتىيەم،
نېمەدۇر يۇرتىنىڭ تەلەپ - ئىستەكلىرى.

قالمىغاي توساپ ھەقىقەت يۈزىنى،
جاچىلىقىنىڭ كونا ئىس - تۈتەكلىرى.

1980 - يىل، ئۈرۈمچى.

◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## خۇشلۇقۇم

(«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا بېغىشلاپ)

بىر خەۋەر كەلگەچ ماڭا تاشلاندى دەپ ئالغا قەدەم،
تەنگە سىغماي خۇشلۇقۇم، ئالدىم شۇئان قولغا قەلەم.

كۆلسە گۈلشەن ئىچىرە بىر گۈل، نەۋ باھار ئەيياميدا،
نە ئۈچۈن بۇلبۇل بولۇپ سايرىمايسەن ئۇشبۇ دەم.

ئەرزىگەي بۇ كۈن ئۈچۈن بىز ناغرا - سۇنەي ياڭرىتىپ،
خۇددى توي تارتقان كەبى ئېيتساق قەدەمدە يارسەنەم.

ئاندا ئاقتاش، مۇندا بۇغدا تاكىقەشقەر ھەم خوتەن،
ئاڭلىسا توي نەغمىسىنى ئاپىرىن دەر غۇلجا ھەم.

باس يانا ئالغا، ئىزىز يۇرتۇم، پويىزدەك ئالغا باس،
چۆللىرىڭمۇ بولغۇسى شۇ يول بىلەن باغى ئىرەم.

گەرچە مەنزىل - يول ئۇزۇن، ئىقبال قۇچاقى كەڭ ھامان،

چۈنكى باغداش ئۈستىگە تىكتى قۇياش ئالتۇن ئەلەم.

1980 - يىل، ئۈرۈمچى.

## خۇش مۇبارەك بۇ ئىشىك

ژۇرنال چىققاچ يېڭىدىن قۇمۇل دېگەن نام بىلەن،
تەبرىكلىدىم يىراقتىن شەربەت تولا جام بىلەن.

خۇش مۇبارەك بۇ ئىشىك، ئېزىز يۇرتۇم گۈل دىيار،
سەنمۇ قايتا كۆكلىدىڭ، ئەلگە كەلگەچ خۇش باھار.

قۇمۇل دېگەن قەدىم يۇرت، ئاتىقىڭ بار جاھاندا،
تارىخ گۇۋاھ بۇنىڭغا ھەرقاچان، ھەر زاماندا.

«يىپەك يولى» بۇ يەردىن ئايرىلاتتى بىر تارماق،
قاتار - قاتار تۆگىلەر جاراڭلىتىپ قوڭغۇراق.

بۇ يەردىن چىققان كارۋان بويلاپ پامىر تىيانشان،
ئۇزاقلارغا كېتەتتى، بېسىپ دەشتۇ باياۋان.

چاڭئەندىن① يۆكلەپ تاۋار، خوتەندىن شايى - ئەتلەس،
رۇم② ئېلىگە باراتتى، مەنزىل كېزىپ بەسمۇ بەس.

---

① چاڭئەن - ھازىرقى شىئەن شەھىرى، قەدىمكى زامانلاردا جۇڭگونىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي مەركىزى ۋە پايتەختى بولغان.

② رۇم شەرقىي رۇما ( رىم ) دۆلىتى.

يېنىشىد تۆگىلەر يۆكلەپ ياقۇت، كەھرىۋا،
قىزىتاتتى بازارنى توي كۈنىدەك ھەر سابا.

شۇندا نامىڭ جاھانغا يېيىلغاننى دەممۇ دەم،
ئەزەلدىنلا سەن ئىدىڭ ئەل ئىچىدە مۆھتىرەم.

ئەمدى بۈگۈن تۆگىگە نېمە ھاجەت، نە ئورۇن،
تۆمۈر بۇقا سۆرەيدۇ قىرىق - ئەللىكلەپ ۋاگون.

ئېچىلدى يەرنىڭ سىرى خاكچى ئەرلەر تەردىن،
يېڭى - يېڭى خۇشخەۋەر كېلۇر قۇمۇل شەھىرىدىن.

ژۇرنال چىقتى دەپ ئاڭلاپ قۇمۇل دېگەن نام بىلەن،
قۇتلاي سېنىڭ تويۇڭنى شەربەت تولا جام بىلەن،

شەنىڭگە قوشاق قاتتىم ئاتاپ ساڭا ئىلهامنى،
قوبۇل قىلغىن جان يۇرتۇم بۇ ئەرزىمەس سوۋغامنى.

1980 - يىل، ئۈرۈمچى.

غولام غوپۇر

# پەرھادنى كۆردۇم

( قۇمۇل تۆرۆك سۇ ئامبىرىغا بېغىشلاپ )

پەرھاد!
پەرھاد!
ئېھ ...
كۆردۇمەن سېنى،
ھەر كۆرگىنىمدە،
چىن يۈرەكىمدىن،
قۇتلىدىم سېنى.

× ×

يۇرتۇمدا —
خان تەڭرىنىڭ بوسۇغىسىدا،
قارلىق تاغلارنى كېسىپ،
ئۆستەڭ قېزىپسەن،
قاقاس چۆللەرنى ئېچىپ
بوستان قىلىپسەن.

تۆنۈگۈن،
ئۈچقۇدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدىم.
ئۈستىدىن كۆرمەك ئىستىكىمنى
كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىدىم.

× ×

مانا بۈگۈن،
سەن كەسكەن، ئۈستىگە كۆل قېزىپ،
ئاستىغا دەريا ياسىغان،
كۆكنى قۇچۇپ،
ئاسمان بويلىغان،
نەيزىۋاش تاغلارغا چىقىپ
كۆمۈش چوققىلارنى ئاتلاپ،
تۆرۈك ئامبىرىنى كۆردۈم.
ئاشۇ ئامباردىن،
كۆكنىڭ قەرىدىن،
شارقىراپ چۈشىۋاتقان،
گاڭ قوللىرىڭ بىلەن،
قېزىپ يۈگەنلەپ،
چۆللەرگە باشلىغان،
قىزىل يارغۇل سۆيىنى كۆردۈم.
غولنى كۆرۈپ،
ئاسماندىكى —
سامان يولىغا ئوخشاتتىم.
كۆلنى كۆرۈپ،

يەردىكى —
ئوكيانغا ئوخشاتتىم.

× ×

ئاشۇ غولنىڭ
زۇمرەت سۇيىنى
باغ ئېتىزلارغا تارتىپ،
چۆلنى گۈل قىلىۋاتقان،
ئاشنى مول ئېلىۋاتقان،
شادلىق دەرياسىغا چۆمدۈم.
ئاشۇ باغلاردا ئېچىلغان،
خۇش پۇراقلار چاچقان،
گۈل - چېچەكلەرنى ئېلىپ،
زەپمۇ خۇش پەيزىلەر سۈردۈم.
سېنىڭ بۇ ئۇلۇغ —
مۆجىزىلىرىڭگە زوقلىنىپ،
ھەق — ھەق! دەپ،
قايىللىق بىلەن گۈللەرنى ئۈزدۈم.

× ×

ئېھ، پەرھادا!
سېنىڭ مۆجىزىلىرىڭ —
بولا ئەمەس.
خانتەڭرىنى بويلاپ،

ئاچقان كۆل ـ دەريالىرىڭ
ياسىغان گۈل ـ چىمەن باغلىرىڭ،
ئاز ئەمەس!
ئاز ئەمەس!
چۈنكى سەن،
مىتىن بىلەن تاش چوقۇيدىغان،
قولۇڭ بىلەن تاش توشۇيدىغان،
تۆنۈگۈنكى پەرھاد ئەمەس.
بۈگۈن سەن،
ئەسىرلەر داۋامىدا
بورانلار قوينىدا
چېنىقىپ، ئۆسۈپ،
يېتىلگەن يېڭى پەرھاد سەن.
ئەمدى سەن،
تاغ جىلغىنى گۈمبىرلىتىپ،
پۈتۈن ـ پۈتۈن تاشلارنى يارىسەن.
يەر ـ زېمىننى گۈكىرىتىپ،
كوڭكا ـ تراكتورلاردا چاپىسەن،
كۆكتە غارقىراپ،
ئۇچقۇلاردا شۇڭقاردەك ئۇچىسەن.
ھەر يۈرۈشىڭدە،
يېڭىدىن ـ يېڭى
يېڭىشلەر قۇچىسەن.
ئاشۇ يۈرۈش بىلەن،
يىپ ـ يېڭى،
ھېكمەتلەر دۇنياسى قۇرۇپ،

شېرىن ۋەسلىگە يېتىــسەن.

1980 ـ يىل، قۇمۇل.

## ياز

ياز كەلدى، ياز كۈلۈپ كەلدى،
ئەتىيار ـ زەپەر ئېلىپ كەلدى.
قۇت① ياغدۇرۇپ ئانا يەرگە،
نەغمە ـ ناۋا چېلىپ كەلدى.

بېھىش كەبى باغلار ئارا،
تۈرلۈك، تۈمەن گۈل ئېچىلدى،
قىش ـ ئايازنىڭ سوغىقىدىن،
سۇنغان كۆڭۈل ـ دىل ئېچىلدى،

دىلنى خۇشلاپ ئالما ـ ئانار،
شاخ ـ شېخىدا يېمىش بولدى.
قوغۇن ـ تاۋۇز شەربىتىدىن،
ئېغىزلارغا ناۋات تولدى.

ئابى ھايات كۈمۈش سۇلار،
ئوخچۇپ ـ بالقىپ چۆلگە ئاقتى،
ئېتىز ـ دالا، يايلاقلارغا،

① قۇت ــــ بەخت

سېرىق - يېشىل تونلار ياپتى.

يايلاقلاردا قوزا - ئوغلاق،
موزاي تورپاق چۆپكە تويدى.
چوپانلىرىم ② ئەمگىكىدىن،
قېتىق - قايماق سۈتكە تويدى.

باغدا بۇلبۇل قانات قېقىپ،
گۈل بەرگىدە خۇش سايرىدى.
تاغدا دۇلدۇل ھەريان چېچىپ
ئوتلاقلاردا شوق يايرىدى.

ئاھ! كۆركەم ياز خىسلىتىڭدىن،
زېمىن قوينى گۈلگە چۆمدى.
سېنىڭ مېھرىڭ ئىلھاملىرىڭ
يۈرىكىمنى كۈيگە كۆمدى.

---

② چوپان — مالچى.

ئابدۇللا ئەھمىدى

## تايزاك غارلىرى ①

ئىلى كۆلىنىڭ شىمالى تايزاك②دۆڭىنىڭ باغرىدا،
تايزاك غارى ئىزلىرى، مەشھۇر ئەلنىڭ ئاغزىدا.
تايزاك دۆڭ باغرىداكۆپ بولاق، ئېكىن، باغ - ۋاران،
تارتىلغان كۆمۈچ بەلباغ تايزاكدىن لاپچۇق سايان.
سالساڭ نەزەر دۆڭلۈكتىن ئەتراپ يېشىل باغ بوستان،
ئۇجماق كەبى بۇ جايدا ئەجدادلار تۇتقان ماكان.
ئېتىقادى بۇددا بولغاچ ئەنە بۇتخانە،
دۆڭ تېگىدە قاتار غار ئۈستى ئوردا-ئاستانە.
غار ئىچى تورۇس تېمى نەقىش، سۈرەت بېزەكلىك،
ئەجدادلارنىڭ قىسسىسى قەدىم خەتتە پۈتۈكلىك.

---

① تايزاك غارلىرى - ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىدىكە قاراشلىق ئالتۇزاق دېھقانچىلىق مەيدانى بىۋگور دادۇي ئىلى كۆل ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ شەرقى شىمالىدا جايلاشقان.

② تايزاك — قۇم، شېغىل، توپا ئارىلاش دۆڭ-دۆڭلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاشۇ دۆڭلۈك باغرىدا قاتار غارلار قېزىلغان. بۇددا ئىبادەتخانىسى سېلىنغان ھەم دۆڭلۈك ئۈستىگە ئۆيلەر بىنا قىلىنغان. يەنە شۇ غارلارنىڭ ئەتراپىغا قاراۋۇلخانىلار سېلىنغان.

1928 - يىلى شۋېتسىيىلىك بوگمان كېلىپ ئارىتام، يەتتە قۇدۇق، تايزاك غارلىرىدا كۆمۈلگەن يادىكارلىقلارنى 28 تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتكەن.

قالدۇرۇپتۇ ئەۋلادقا ئەجدادلار ئۆز ئەسىرىن،
قىلىپ پىنھان غارىغا قەدىم ئايەم چېغىدىن.
لېكىن يۈز يىل ئىلگىرى «سەيياھ»نامىلىق تۈلكىلەر،
كەپتۇ قەستلەپ تايزاڭنى ئاتلاپ دۆلەت، ئۆلكىلەر.
سالام دەپتۇ ئەجنەبى كىرىپ تۇغىچى بېگىگە،
سۇنۇپ ئىپسىل سوۋغاتلار سىلىپ قارماق گېلىگە.
دەپتۇ بەگكە يېلىنىپ: «بىز غەربىنىڭ سەيياھى،
دىيارىڭغا كەلدۇق بىز كۆرمەك بولۇپ تايزاڭنى.
داڭقىڭ كەتكەن چەتلەرگە دوست تۇتقانسەن ئىھسانىنى،
خىسلىتىڭ سېخىيلىقتۇر نومۇت قويما مېھماننى.»
چۈشتى ياتلار دامىغا نادان بەگ بولغاچقا گول،
نى ئىپسىل يادىكارىغا ئەجنەبى ئۇزارتتى قول.
خەرىتىسىنى ئاختۇرۇپ قويدى بەلگە غارىغا،
ئون ياللانما يىگىتنى سالدى قېزىش كارىغا.
چىققان سىرتقى غارىدىن ئۇقيا، ساداق، دۇبۇلغا،
ئىگەر، يۈگەن، قۇياقمۇ③ بىللە ئىكەن شۇ غاردا.
ئىچكى غاردا جۈپ ساندۇق بىردە زەر، بىردە كىتاب،
ئەپ قاچقاندا ئەجنەبى قىلماپتۇ ھېچكىم خىتاب.
نادانلىقىنىڭ دەستىدىن تارتتۇق بىز غايەت زىيان،
يادىكارنى قوغدايلى زىيان ـ زەخمەتتىن ئامان.

③ قۇياق — قەدىم زامان ئۇرۇشلىرىدا كىيىلىدىغان تۆمۈر كىيىم.

ئابدۇراخمان كېرەم

## يېڭى دەۋر ئاچتى قۇچاق

يېڭى دەۋر ئاچتى قۇچاق، ئۆز باغرىنى كەڭرى قىلىپ،
كۈلدى ھەرجان نۇر ۋەسلىنى ئامەت بىلىپ.
مېھمان كەلدى، دەپ خەۋەر كەلدى يۇرتىمىزغا،
كۈتىۋالدۇق مېھمانلارنى باشقا ئېلىپ.

چوڭ قۇرۇلتاي نۇرلاندۇردى يولىمىزنى،
ئىقبال تامان سەپەر قىلدۇق ئوقتەك ئۇچۇپ.
تىلسىم چۆللەر ئايلانماقتا چىمەنزارغا،
بۇلبۇللار نەغمە قىلدى غەزەل ئوقۇپ.

## نۇرچاچسۇن قۇمۇل روھى

يۇرتۇم قۇمۇل مەدەنلەر بار تاغلىرىڭدا،
شەربەت يىغار ئۈزۈم، چىلان... باغلىرىڭدا.
كەتمەيدۇ ئېسىل تەمى يىللار بويى،
قوغۇنىڭ بىر يىگەنىنىڭ تىلىلىرىدا.

يۇرتۇمغا ئالەم كۆزى تىكىلدى،
بايلىقى مەپتۇن قىلار تالايلارنى،
ئۇلار ئۆم بوپ ئاچساق دەيدۇ كانلىرىڭنى،
ھەم قۇرساق دەيدۇ كاتتا سارايلارنى.

ئال قەلەمنى، ئەتە ئۈچۈن تۈزگىن پىلان،
خەلقىڭ ئۈچۈن تۆھپە قىلغىن بارلىقىڭنى.
قادىغىن قۇمۇل روھىن نۇر چاچقۇزۇپ،
كوممۇنىزم پەللىسىگە قىزىل تۇغنى.

توختىخان ئىسمايىل

# كەلدىم

تەلپۈنگەچ ساڭا قەلبىم، شاد ـ خۇرام يايراپ كەلدىم،
ئىلىم ـ پەننىڭ گۈلشىنىگە بۈلبۈل بولۇپ سايراپ كەلدىم.

نادانلىق دەشتىدە چاڭقاپ، بىلىمگە بولۇپ تەشنا،
سۈيى كەۋسەرنى ئىچمەككە بۇلاقىڭغا قاراپ كەلدىم.

بىلىم ـ كۈچ، ئەقىل ـ قانات ئىكەن شۇنى بۈگۈن بىلدىم،
نادانلىق «ئالتۇن تەخت»نى ئۆرتەپ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ
كەلدىم.

دىلىمدا ئەل ۋەتەن مېھرى گويا گۈلخان بولۇپ ياندى، ـ
ئۇنىڭ ھۆسنىنى بېزەشكە يېڭى كەشتە تىكىپ كەلدىم.

بۈگۈن شۇ ئارمانغا قۇچاق ئاچتىڭ كۈلۈپ خۇشخۇي،
مانا ۋەدە ئىرادەمنى يېزىپ قولدا تۇتۇپ كەلدىم.

يېڭىپ مۈشكۈل ـ جاپالارنى نىشانغا يەتمىكىم جەزمەن،
ئىرادە كەمەرى بىرلەن بېلىمنى چىڭ باغلاپ كەلدىم.

# گۈلگە تولسۇن ئۆمۈر بېغىم

يىللار ماڭا سوۋغا قىلدى قىرىق ياشنى،
ۋاقىت قولى يۈزلىرىمگە ئۆتتى ئىزسەپ.
قىرىق يېشىم، قىران چېغىم بەرھەق بۈگۈن،
ياشلىقىمنى ئەسلەپ قالدىم...
لەۋىم چىشلەپ.

ئۇيناپ - كۈلۈپ ئۆتۈپ كەتتى تالاي چاغلار،
پەن - مەرىپەت باغچىسىغا كىلىت سالماي.
خەلقىمنى دەپ داۋان ئاشتىم، دەريا كەچتىم،
تەر ئاققۇزدۇم كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپماي.

ياشلىق چېغىم مەڭگۈلۈكتەك تۇيۇلغانتى،
ئاقار يۇلتۇز كەبى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.
ئۆسمۈرلۈكۈم، ياشلىقىمنىڭ ئەستىلىكى،
مېنى بۈگۈن شېرىن چۈشتەك مەپتۇن ئەتتى.

قىرىق يېشىم، قىران چېغىم كەلدى بۈگۈن،
قىرىق يىللىق سەپەر بىلەن بۇدەمگە مەن.
لاچىن بولسام ئىلىم - ئىرپان كۆكىدە مەن،
تېخىمۇ كۆپ نەپ بەرمەكتىم ئېلىمگە مەن.

قىرىق يېشىم، قىران چېغىم، بىلدىم بۈگۈن،
ئادەم ئۈچۈن ئىلىم - ھېكمەت قانات ئىكەن.

ئېگىز داۋان، ئۇزۇن سەپەر، قانلىق جەڭدە،
زەپەر قۇچۇپ ئۇچۇپ بارار بىر ئات ئىكەن.

قۇتۇلاي دەپ كۆزى ئوچۇق ئەمالىقتىن،
كەلدىم بۈگۈن بۇ مەرىپەت باغچىسىغا.
يەن - مەرىپەت بولدى دىلغا مەشئەل - چىراغ،
ۋە يېڭى كۈچ بەخىش ئەتتى ۋۇجۇدۇمغا.

نەزىرىمدە ئايان بولدى چەكسىز ئالەم،
بىلدىم ئېنىق ئۆتمۈشىمنى ئەتەمنى مەن.
ئەل - ۋەتەنگە دەرمان بولۇش ئەھدىم مېنىڭ،
چىن قەلبىمدىن بىرەي بۈگۈن ۋەدەمنى مەن.

ھەر مىنۇتنىڭ مەنا تاپسۇن، بەركە تاپسۇن،
قىرىق يېشىم، قىران چېغىم — ئالتۇن چېغىم.
مەرىپەتنىڭ گۈل - چېچىكى بىلەن تولۇپ،
زەپ چىرايلىق بېزەلسۇن بۇ ئۆمۈر بېغىم.

1986 - يىل، بېيجىڭ

ئېلى زايىت

# بولۇر

پەن بىلەن گۈللەر ۋەتەن، ئۇ بولمىسا ۋەيران بولۇر،
كۈندە مىڭ مۆجىزىدىن تەگرى چوقۇم ھەيران بولۇر.

ھارمىساڭ پەن يولىدا يىگنە بىلەن ئالتۇن قېزىپ،
بولساڭ ئۆزۈڭ خۇشتار ئاڭا ئۇمۇ ساڭا دىلدار بولۇر.

كەتمىگەي ئەجرىڭ بىكار ھەرە بولۇپ يىغساڭ ھەسەل،
ئۈنچىدەك تۆككەن تەرىڭ چۆلدە ئۈنۈپ رەيھان بولۇر.

بىر كۈنى پەننىڭ قولى خانتەڭرىنى ئالسا يۇلۇپ،
ئۇ بېسىپ ياتقان گۆھەر ئالەمئارا ئايان بولۇر.

ئۆگىنىپ خەلقىم مېنىڭ زامانىۋى تېخنىكىنى،
ئۇچسا بىر سۇمرۇغ بولۇپ مارسقا چىقىپ مېھمان بولۇر.

# ساقلىنارسەن دىلدا ئەبەد

(ئاتاقلىق شائىر ۋە تەرجىمان مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا ۋاپاتىنىڭ 3 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

مەرىپەت كۆكىدە بىر يۇلتۇز ئىدىڭ،
خۇددى كۈندەك نۇر چېچىپ چاقنايدىغان.
يۇرىكىڭدە ئون قۇياشنىڭ تەپتى بار،
جەڭ - چېلىشتا چېلىشىپ ھارمايدىغان.

دىلىمىزنى پارە ئەيلەپ - كۆيدۈرۈپ،
بىمەھەل دۆڭلۈك① تامان كۆچتۈڭ ئەجەب.
سالدى چاڭگال شۇل جېنىڭغا شۇم ئەجەل،
ئەي ئىسىت، ئوتتەك يېنىپ ئۆچتۈڭ ئەجەب.

كەتتى جىسمىڭ ئايرىلىپ بىزدىن يىراق،
ئەمما روھىڭ بىزگە ھەمراھ ھەممە چاغ.
شېئىرىڭنىڭ ھەر قۇرى بىر مەڭگۈ تاش،
مەردلىكىڭ، قەيسەرلىكىڭ بىزگە ماياك.

قوينىغا ئالدى سېنى ھۆرمەت بىلەن،
جاي بېرىپ ئۆز باغرىدىن بوغدا ئاتا.
ساقلىنارسەن دىلدا ئەبەد، ئەلۋىدا،
شائىرىم جەننەت ساڭا بولغاي ئاتا!

---

① دۆڭلۈك — ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى.

مۇھەممەت ئەخمەت

# ئەلۋىدا

ئا.خوجا كۆز يۇمدى دەپ ياش تۆكتى ئاسمان، ئەلۋىدا،
ئۆچتى يۇرتىمىزدىن بىر نۇرانە چولپان، ئەلۋىدا،
ئىچىمگە سىغماي دەرد، كۆزۈم بولدى گىريان، ئەلۋىدا،
ئاھ! چىمەندە بىر قىزىلگۈل بولدى خازان، ئەلۋىدا،
گۈل ـ گىياھ ھەم تاغۇ تاشتىن چىقتى پىغان، ئەلۋىدا.

سولدى دەپ شائىر ئۆمۈر ـ ئارزۇلىرىنىڭ چېچىكى،
قايغۇـھەسرەتتىن ئۆرتەلدى يۇرتىمىزنىڭ يۈرىكى،
تولدى ماتەم بېشىغا بوستان دىيارنىڭ ئېتىكى،
نە ئىلاج كەلگەنىنىڭ باردۇر ئاخىر بۇندىن كەتمىكى،
ئەزرائىل بولسادچۇ ...ئەپسۇس، بولسا ئىمكان، ئەلۋىدا.

ئەكس ئەتتى نەزمىڭىزدە يېڭى باھار سۈرىتى،
ھەر سىزغان سۈرىتىڭىزنىڭ تارقالدى ئەلگە شۆھرىتى،
ئوقۇغاندا ھەر قۇرىن كەتمەدى تىلدىن لەززىتى،
ئاشتى سىزگە كۈنسېرى خەلقىمىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى،
ئەلنى كۆيلەپ قۇچتىڭىز زور شەرەپ ـ شان، ئەلۋىدا.

ئەل ئۈچۈن دائىما سىز بىر پارچە ئوت بوپ ياندىڭىز،
بۇلبۇلدەك باھارنى كۈيلەپ ناخشا ـ ساز ياڭراتتىڭىز،
ئۆزىڭىزمۇ، خۇشچىراي باھارغا بەك ئوخشايتتىڭىز،
سۇ بولۇپ سىز چاڭقىغان گۈللەر تۈۋىگە سىڭدىڭىز،
ھەر گۈلنى كۆرسەم ئەسلەيمەن سىزنى ھامان، ئەلۋىدا.

دۇفۇ ھەم لى بەينى كۆردۈم قۇرىڭىزنىڭ تەكتىدىن،
ئۇيغۇرغا ئوخشايدۇ ئۇلار سۆزلىرىنىڭ ئەپتىدىن،
مۈكچىيىپتۇ بەللىرى زۇلۇم تىغىنىڭ دەستىدىن،
مەزلۇمنى يۆلەپتۇ شۇندىمۇ، بىلىكىنىڭ ئاستىدىن،
بولدى سۆزدۇر دانىڭىزغا ئەقلىم ھەيران، ئەلۋىدا.

دىل ـ قەلبىڭىز تاڭدەك سۈزۈك، زېھنىڭىز ئۆتكۈر ئىدى،
تىلىڭىز بەك كۈلكىلىك ھەم پىكرىڭىز چوڭقۇر ئىدى،
بۇ ئىسلاھات سەپىرىدە تولپارىڭىز ئۇچقۇر ئىدى،
تېنىڭىزدە ئىستەك ـ جاسارەت ئېقىنى بەك زور ئىدى،
يۈرىكىڭىزدە قالدى كۆپ نى ئارزۇ ـ ئارمان، ئەلۋىدا.

گۈل ئاچاتتى پەخرىڭىز قۇمۇل دېگەن ئايماق بىلەن،
كۈتتى بەك قالغايتى ① سىزنى قويسويۇپ، قايماق بىلەن،
سوزۇلۇپ تىڭشايتتىڭىز ساز، ئاخۇنبەگ چالماق بىلەن،
ئۆتتى ئۆمرىڭىز خۇشال، سەكراتتىمۇ چاقچاق بىلەن،
سىز ئۈمىدۋار ئىدىڭىز، يۇرتقا كۆيۈمچان، ئەلۋىدا.

سىز بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم بېيجىڭ، قۇمۇلدا قانچە رەت،

① قالغايتى ــ قۇمۇل غەربىي تاغدىكى جاي ئىسمى.

تارىخ، رىئاللىق، شېئىرىيەت... بابىدىن كۆپ ئېچىپ بەت،
روشەن ئىدى سۆزىڭىزدە ئاق - قارايۇ، گۈزەل - سەت،
جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئەقلىڭىز ئىدى بىر دەريا سۈپەت،
ئەسلىمەم بىر لېنتا بولدى، قەلبىم ئېكران، ئەلۋىدا.

ئىسلاھات ئىلھامى قوزغاپ ھەر دىلدا كۆپ يېڭىچە ئوي،
خەلقىمىز تىك قەد كۆتۈرۈپ، كۆكسىنى تارتقاندا بوي،
نەغمە - ناۋانى ياڭرىتىپ، بوستاندا چوڭ تارتقاندا توي،
ئوخشىغاندا بال يىغىپ يۇرتىڭىز قوغۇنى خوي،
بولسىڭىزچۇ؟ سېغىندى ئەسلەپ سىزنى ھەرجان، ئەلۋىدا.

«خارگو»②غا كېلىپ قىلدىم تۇپراق - خاكىڭىزنى مەن تاۋاپ،
ئۇۋۇلۇپ جىسمىم مېنىڭ، باغرىم كۆيۈپ بولدى كاۋاپ،
قەيەردە سىز؟ دەپ سورىسام، قەبرىڭىزگە مەن قاراپ،
ھەر مىسرا نەزمەمدە بارمەن، دەپ كەلدى ھازىر جاۋاب،
ئەل ھايات، سىز مۇھايات، سىز - ئۆلمەس ئىنسان، ئەلۋىدا.

شېئىرىڭىز سەنئەت كۆكىدە يۇلتۇز بولۇپ يانغۇسى،
مۇرادىڭىز مول چېچەكلەپ بۇندا بوستان بولغۇسى،
قەلىمىڭىز بىز بىلەن گۈلزاردا شىرنە يىغقۇسى،
روھىڭىز ھەر دىلدا ياشناپ كۆكتە سەيلە قىلغۇسى،
«ئاتا قىلسۇن سىزگە ئاللا جەننەتنى رىزۋان» ئەلۋىدا.

---

② خارگو — ئۈرۈمچىدىكى شائىر قويۇلغان ئاممىۋى قەبرىستانلىق.

## بىر تۆرىنىڭ تووۋانامىسى

بىر زامان باغلىۋىدىم شەيتان يولىغا ئىشتىياق،
قاتىراپ شەيتان ئىزىدىن قىسمىتىم بولدى تاياق،
شۇ سەۋەب يېدىم بېشىمغا چوك پۇشايماندىن چاتاق،
ۋىجدان سوتى ئالدىدا ئۆزۈمنى مەن قىلاي سوراق،
ئەي، ھەر يۈرەك سالغىن قۇلاق، سۆزۈمگە باشتىن ئاياغ.

قوغلىنىپ كۆكتىن بۇلۇت كۈن پارقىراپ ئاچقاچ جامال،
«تۆت چىلتەن» موللاق ئېتىپ، تەقدىرى تاپقاچ زاۋال،
پارلاق ئىستىقبال پەردىسى قايتىدىن تاپقاچ ۋىسال،
ئاقىۋەت شەرمەندىلىكتە چوك تاجام بولمىدى دال،
كىرگىلى يوقتۇر ماڭا ئەمدى كىچىك تۆشۈك بىراق.

باشلىقىم ماڭسا، ئىزىنى قىلدىم تاۋاپ كەبە دەپ،
بىراۋدا قۇسۇر بار دېسە چىقتىم بىرەيلى زەربە دەپ،
ئەمما ھەر كۈن چاندۇرماي ئۆيىمگە باردىم پەتە دەپ،
شۇنداق قىلىپ، ئوردىغا قايتتىم جەڭدە قىلدۇق غەلىبە دەپ،
«غەلىبىلەر» ۋە «زەربىلەر» بولدى جېنىمغا تىغ-پىچاق.

سوۋغا ئاپاردىم مەن يوغان، چوك تۆرەمنىڭ تويىغا،
مىخنى قاقتىم پۇتىغا، ئۆتمەكچى بولغانىنىڭ ئالدىغا،
ئۆرلىۋەپ تەپتىم راسا، شۇ يۆلىگەنىنىڭ قولىغا،
گولنى قورقاتتىم ئوردىلىپ ماركسىزم تونىغا،
ئاھ، نەقىلاي چېقىلدى ئەمدى سېھىرلىك بۇ قاپاق.

ئۆرلەش ئۈچۈن قانچىلارنىڭ مۇردىسىنى چەيلىدىم،
ئەل ئارا ھۆرمەتكە چوڭنى بىر ئامالاپ جايلىدىم،
بىر نەپەس راھەت ئۈچۈن تالاي كۆزلەرنى ياشلىدىم،
ھالال ئەجرىمدىن ئەمەس، شۇ ياشلاردىن ياشنىدىم،
يىلتىزىمغا تەگدى پالتا، ئەمدى تەستۇر ياشىماق.

كەلسە دەردمەنلەر ئېيتىپ داددىنى، ئەرز - ھالىنى،
بىر تالاي گەپلەر بىلەن ئاغزىغا سالدىم سوسكىنى،
ھەق تەلەپ ھەل بولمىغاچ يۇقىرىغا سۇنسا ئەرزىنى،
پېيىگە چۈشتۈم ئۇنىڭ، تۆكتى دەپ باشلىق يۈزىنى،
مەن ئاڭا پايلاپ يۈرۈپ بەردىم كۆپ تەنبىھ - تاياق.

دېسە بىركىم: «كەسمەيدۇ پەقەت تۆرەمنىڭ بەكىسى»
دېدىم: بىل، بولمىسا سەندەكلەرنىڭ مەندەك ئاكىسى،
بولارمىدى ئىشىمىزنىڭ مۇشۇنداق چوڭ بەركىسى،
ئېنىق بولسۇنكى ھەر ئىشتا ھەق-ناھەقنىڭ چەرگىسى،
ئاق نىيەتنىڭ پېيىنى بولدى ئىشىم چوڭ قىرقىماق.

سومكا تۇتۇپ ئۆيۈمگە كىرسە مۇبادا بىر كىشى،
تولسا لىق يېمىش، ھاراق ئېسىل رەختلەرگە سومكىسى،
چىقىپ كەتتى ئايالىمنىڭ ھەم ئۆزۈمنىڭ يورغىسى،
قايتقاندا ئۇزاتتىم يۇتكىچە مېھمىنىمنىڭ قارىسى،
چوڭ يىغىندا بولدى ئامەت ماڭا ئۇنى ماختىماق.

مېۋىدىن قالدى قۇرۇق، باغۋەنلەر قان - تەر ئاققۇزۇپ،
مەن ئېرىشتىم ئاڭا يەلپۈگۈچنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ،

قويۇمغا سالدىم مېۋىسى قانچە شاخنى سۇندۇرۇپ،
قانچىنى سوراقسا تارتىم تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ،
ئەمدى قارا قىلمىشىمنى بولدى مۈشكۈل ئاقلىماق.

مۈزلىدى قايناق سورۇنلار قالسام مۇبادا مەن كىرىپ،
ئەل توپلاشقان جايغا بارسام، قالدى گەپ- سۆز كېسىلىپ،
مەن ئۆزۈم قالدىم يېگانە كەتتى بەرى تارىلىپ،
بىھېساب ئەلەمگە قالدىم ئادەمدىن مەن ئايرىلىپ،
ئاقىۋەت بولدى نېسىپ ھەسرەت تېشىنى چايناماق.

باشقىلار ئەجرىدە كۈن ئالدى بۇ بوش بەدەن،
ئۆزگىلەر جاپاسى بىرلە بولدى چەندان خۇش بەدەن،
بار ئۇتۇق بولدى مېنىڭ بار چاتاق ئاۋامغا تەن،
ئەيشى- ئىشرەتكە كەچقۇرۇن توغرىلىدىم كەشمىنى مەن،
ئىزدىمەيدۇ ئەمدى ھېچكىم، قېنى داستىخان- تاۋاق؟

تۇتىمىدىم بىر كۈنمۇ روزا، ئاي ئاخىرى يا بېشىدا،
ۋە لېكىن ھېيتتا ئولتۇردۇم ئاخۇنۇمنىڭ قېشىدا،
قالمىدىم مەن مۇسىپىتلارنىڭ ئۆزۈمچە تېشىدا،
چانىمىغانتى ئىشلىرىم ئەھلى مۇسۇلمان ئىشىدا،
زەركېتىپ چىقتى ھېسىم تەس ئەمدى ئۇنى سىرلىماق.

سايلامدا چۈشۈپتۇ ماڭا ئاران ئۈچ- تۆت بېلەت،
يۈرەك- باغرىم ئۇشبۇ دەردتىن ئۆرتىنىپ كەتتى قەۋەت.
دېمەك. ئايرىلىپ قېتىم ئەل قۇچاقىدىن ئاقىۋەت،
بۇ ھالدا يەر ئۈستىدە ياشاشتىن ئاستى مىڭ راھەت.

بار ئىكەن ھەركىمنى ئەل ئەلگىكىدە تاسقىماق.

بىر گۆل ئىدىم تەختىراۋاندىن چۆشمەستىن بۇرۇن،
توي – تۆكۆن، نەزىر – چىراغتا ئالا تىتىم تۆرىدىن ئورۇن.
ئەمدىچۇ پەگادا قالدىم، بانا قىپ چاقچاق – ئويۇن،
ھەممە نەشتەر سانجىيدۇ، پۆركەيدۇ كۆلكە سوغ-جۇدۇن،
ئەلنى خارلىماق ئىكەن ئۆزىگە خارلىق چىللىماق.

بىر پۆتغا ئالمايدۇ مېنى ئەمدى سەبى بالىمۇ،
قايسى جىنسقا تەۋەمەن، ئادەممۇ يا كالىمۇ،
زەپ قارا بولدى مانا ماڭغان يولۇمنىڭ ئالدىمۇ،
ھېچ چىقمىدى خەق ئالدىدا مۆككىلى بىر دالدىمۇ،
بولدى تەس خەق ئالدىدا ئەمدى تۇغۇشلۇق چامدىماق
.

تۇۋا قىلدىم قىلمىشىمغا بولدى ماڭا كۆپ پەندىيات،
بۇ پەندىيات بەرسۇن ماڭا ئەمدى يېڭى بىر ھايات.
بۇ ھاياتقا تاقاپ ئېسىل خىسلەت ھەم پەندىن قانات،
كۆكتە پەرۋاز قىلىمەن كۆرسىتىپ جەڭدە سۇبات،
دوستلىرىم ئالغىن مېنىڭدىن يىرگىنىپ ئىبرەت-ساۋاق.

ئەخمەت ئىمىن

## مېنىڭ يۇرتۇم

قۇياش بالقىغان جاي بۇ مېنىڭ يۇرتۇم،
ئۇ نۇرغا بۆلەنگەن نۇرانە ماكان.
بۇندا ھەر گىياھ تاش نۇرغا چۆمۈلگەن،
نۇر ئىچىپ ئۆسىدۇ بۇندا ھەر ئوغلان.

سۆيىدۇ قۇياشنى باغداش تاغلىرى،
شەرقتىن خۇش كۈلۈپ چىراي ئاچقاندا.
تەبەسسۇم ئىلكىدە كۈلىدۇ لالە،
بۇلبۇللار چىمەندە ۋىسال تاپقاندا.

نۇر بىلەن يۇيۇلغان ئاسمانى زېمىن،
شۇڭلاشقا خەلقىمنىڭ قەلبى بىغۇبار.
كۆڭلى كەڭ، مېھرى مول، مېھماندوست ھەرچاغ،
مۇھەببەت بۆشۈكى نۇرانە دىللار.

ئاقكۆڭۈل ھەم ساددە قەھرىمان خەلق،
جەننەتنى ياراتقان مۇشۇ زېمىندە.
نۇر ياغار چېھرىدىن بەختىيار ئەلنىڭ،
نۇر چاقناپ تۇرىدۇ ئىقبالىدىن ئەنە.

# مۇھەببەتىم

(1)

ئېسىمدە مەن ساڭا تەلپۈنگەنلىرىدىم،
بوۋاقتەك ــ بەختىنىڭ خۇشاللىقىدا.
ئېسىمدە تۈنلەردە ئۇيقۇ قاچقىنىنى،
تولغىنىپ ۋىسالىنىڭ تەشنالىقىدا.

ئاق ئايدىڭ كېچىدە سۆگەت تۈۋىدە،
پەردىدەك جىلۋىدە تۇرساڭ سەن نىگاھ.
مەن ساڭا سەجدە قىلاتتىم، ئۆزۈڭ —
قەلبىم تۆرىدە ئىدىڭ قىبلىگاھ.

چۈش كەبى مۇھەببەت ئىلكىدە كەزدىم،
ئويغانسام ماڭا يار سېلىپتۇ ھەسرەت.
(ئىز ساپتۇ قەلبىمگە تەنتەكلىكىمدىن،
ياشلىقنى ئازدۇرغان تەلۋە مۇھەببەت).

(2)

ھەر ئاخشام بىر ناخشا توۋلاپ ئۆتمەن —
كوچاڭدىن، سەن خىيال سۈرۈۋاتقاندا.
ۋە ياكى چۈشەكتە تولغىنىپ يېتىپ،
بىر شېرىن چۈشنى سەن كۆرۈۋاتقاندا.

ئويلىما مېنى سەن ساراڭمىكىن دەپ،
ياق! قەلبىم ناخشىغا كۆمۈلگەن ماكان.
ئەرزىمەس مۇھەببەت ئۇنتۇلۇپ بوگۈن،
بىر جانان شوخ كۈلۈپ كەلدى مەن تامان.

ماڭا چىن دىلىمدىن ئەقىدە قىلغان،
پەرىشتەم نامى ھېچ قالمىسۇن پىنھان.
تەڭداشسىز ۋاپادار يارىمدۇر مېنىڭ،
گۈزەللەر گۈزىلى ئىلىمۇ ـ ئىرپان.

## بۇ يوللار تۈگىمەيدۇ ھېچ

ئالدىمدا بۇ يوللار تۈگىمەيدۇ ھېچ،
ماڭىمەن سەھەردە كۈندۈزدە، تۈندە.
بۇ يوللار تۈگىمەس، تۈگەيدۇ ئادەم،
كارۋانلار ئۆكسىمەس بىراق ھەر كۈندە.

ئالدىمدا بۇ يوللار تۈگىمەيدۇ ھېچ،
بار ئۇندا چىغىر يول، داۋانلارمۇ ھەم.
ئۇچرايدۇ بوك تۇمان، قىيالىق دەريا،
جەزىرە، قارلىق تاغ، مۇشكۈللەرمۇ ھەم.

ئالدىمدا بۇ يوللار تۈگىمەيدۇ ھېچ،
جاسارەت ھېسلىرىم بالقىپ تۇرىدۇ.
چارچاشتىن بىخەۋەر ۋۇجۇدۇم مېنىڭ،
مېھنەتىم پەللىدىن ھالقىپ تۇرىدۇ.

ئالدىمدا بۇ يوللار تۈگىمەيدۇ ھېچ،
ئارقامغا باقماستىن ماڭىمەن تىنىماي.
بىلىمەن ئىزلاردىن ئۈنگەن لالىلار،
سۇ ئىچكەچ ئۈمىددىن ئېچىلار سولماي.

ئالدىمدا بۇ يوللار تۈگىمەيدۇ ھېچ،
ماڭغانچە يېپيېڭى مەنزىل نامايان.
شۇ ياقتا يار ۋەسلى كۈتىدۇ مېنى،
بۇ تىلسىم سىرلىرى كۆڭلۈمگە ئايان.

## بۇلاق

ھەر نىگان بۇلدۇقلاپ تۇرار شۇ بۇلاق،
ئىشقىۋاز جانانىنىڭ كۆزىدەك ئويناق.

سۆيۈپ ئۆتىدۇ قىياقلار يۈزىنى،
مەجنۇنتال قىزلاردەك نازلىنىپ شۇنداق.

رەشكىنىڭ ۋەجىدىن ۋە لېكىن گاھى،
نەملەنگەن كىرپىكتۇر قاشتىكى قىياق.

تىنىمسىز شىلدىرلاپ زىلال سۇلىرى،
ئاقىدۇ ھەمىشە ئۇزاق ۋە ئۇزاق.

ئاشىقلار سىرىنىڭ شاھىدى ئۆزى،

ئۆتكۈزەر ئۇزاق تۈنلەرنى ئويغاق.

ئۇ شائىر يۈرىكى ئىلھامغا تولغان،
شېئىرلار ۋەتىنى — ئەجەبمۇ قايناق.

◈◈◈◈◈◈◈◈◈◈◈

ئابدۇللا تۇرسۇن

## كۆڭلۈڭ كەڭ، مېھرىڭدۇر قۇياش

كۆڭلۈڭ كەڭ بىر ئالەم، مېھرىڭدۇر قۇياش،
پەزىلەت تەختىنىڭ سۇلتانى قۇمۇل.
مەردلەرگە ھەمسەپەر ياخشىغا قولداش،
ھۆررىيەت بېغىنىڭ فونتانى قۇمۇل.

سەن ئالتۇن بۆشۈكسەن، تەۋرەشلىرىڭدە،
تاۋلىنىپ ئۆستى نى قەھرىمان ئەجداد.
مەردلىكنى جەڭگاھتا قىلدى نامايان،
بورانلار ئەللەيلەپ ئۆستۈرگەن ئەۋلاد.

تارىخىڭ مۇقەددەس، تارىخىڭ ئۇلۇغ،
يۇلتۇزدەك پارلىغان روھىڭ ئەزەلدىن.
تارالغان ئالەمگە شۆھرىتىڭ ـ شانىڭ،
پالۋانلار تونۇلغان ناخشا ـ غەزەلدىن.

سەن يىپەك يولىدا خالىس ئارامگاھ،
نىمجان كارۋانغا جان بېرەر مېھرىڭ.

قاپاقتىن بولدۇقلاپ قۇيۇلغان زەمزەم،
شىپاسى تومۇزدا چاڭقىغان دىلنىڭ.

سەن خالىس ساھىبخان ھىممىتىڭ ئەلۋەك،
بوسۇغاڭ ئالدىدا ئۆكسىمەس ئادەم.
ھەر مېھمان ھوزۇرۇڭ ئىلكىدە بىر گۈل،
سېخىيلىق بابىدا خەلقىڭدۇر ھاتەم.

نامايان پەزىلەت — خىسلىتىڭ، خۇش پېئىل
ئاقساقال بوۋاينىڭ سالاملىرىدىن.
چوكاننىڭ يېقىملىق تەكەللۇپى ھەم،
سەبىنىڭ بىر تاتلىق كالاملىرىدىن.

نامايان كەچمىشىڭ ئىستەك، ئارمىنىڭ،
ھېپىزنىڭ سېھىرلىك مۇقاملىرىدىن.
نەپىسلىك، كامالەت، دىلرەبالارنىڭ،
ئەۋرىشىم، شوخ لەرزان جۇلالىرىدىن.

نامايان چېۋەرلىك پەم ۋە پاراسەت،
كارىزنىڭ ئاھۇ كۆز بۇلاقلىرىدىن.
نامايان ھىممىتىڭ گۈپۈلدەپ تۇرغان،
كۆكچىنىڭ زەپ ئىللىق پۇراقلىرىدىن.

كۆڭلۈڭ كەڭ، بىر ئالەم مېھرىڭ مىڭ قۇياش،
سەندە بار ئەجدادنىڭ دادىللىقى ھەم.

ۋۇجۇدۇڭ سائادەت — ھۇرلىكتىن پۈتكەن،
سەندە بار نۇشىرۋان ئادىللىقى ھەم.

قوينىڭدا تارىخنى تارىخقا ئۇلاپ،
خىسلەتلىك ئەر بولۇپ، يېتىلدۇق بىزمۇ.
ئالغا دەپ ئات سېلىپ، داۋانلار ئېشىپ،
چوڭ كارۋان سېپىگە قېتىلدۇق بىزمۇ.

ياشىسۇن، چاقنىسۇن يۇرتىمىز روھى،
يازىلىسى جەسۇرلۇق داستانلىرىنى.
بېزەيلى ۋايىغا يەتكۈزۈپ مەڭگۈ،
تاغ — ئېدىر، كان — ئېتىز بوستانلىرىنى.

## مۇقام بۇلبۇلى

(مۇۋەششەھ)

قۇلاققا ھەرزامان خۇشخۇي ناۋايىلىق يېقىملىق راست،
ناۋاغا ئاشىقى — شەيدالىرىڭ رىشتى چېتىقلىق راست.
ئۇلۇغ ئالىم، خاقان — خانىش ۋەياكى دەرۋىشۇ — يوقسۇل،
سېنىڭسىز تاپمىغاي توي—مەرىكىدە شاد ئېچىللىق راست.
مۇقام، مەشرەپكە چىن دىلدىن ئەزەلدىن مەھلىيا خەلقىم،
يۈرەكنىڭ ئىشقىنى بەرگەن ساڭا قىلماي بېخىللىق راست.
ئۇزاق ئۆتمۈشكە كۆز تىكسەم، مۇڭىڭدا مىڭلىغان قىسمەت،
كى ئەجداد تارىخى پۈتكۈل ۋۇجۇدىڭغا يېزىقلىق راست.

لەرزان شوخ كۆيگىنىڭ مېھرىگە تويماس نېچۈن قەلبىم؟
قەلب ئاسمانىدا ئىلھام چىراغىنىڭ ھەم يېنىقلىق راست.
غۇبارلىق تۈن كېچىدە بىر مەھەل كەزدىڭ تىرۇر ئىچرە،
ۋۇجۇدۇڭ پاكلىقىدىن تارتىمىدىك لېكىن خىجىللىق راست.
ئىلىم ئەھلى يوقاتماس چىن غۇرۇر-ۋىجدانىنى ھەر چاغ،
كېچەر كىم جانىدىن، كەچمەس جانانىدىن ئەقىللىق راست.
جاھاننى ئىزلىسەم يوقتۇر مۇقامىدەك مۇڭدىشىم دىلبەر،
ئۇنىڭ بەھرىدە شاد كۆڭلۈم بېغى باھار-يېشىللىق راست.
ئىلىم ئازاد، قېنى سايرا، بۈگۈن سايراش چېغىڭ كەلدى،
ناۋاتەشناس سىنا سەنئەت يولى داغدام ئېچىقلىق راست.
گۈزەل بوستاننى قۇچسۇن «شېشىلشىپ ئويناڭ»، «خۇمار تەر-
كىپ»،
ئۇسسۇل مەرغۇلىغا جىمىمىز، كۆيۈمىمۇ ھەم قېتىقلىق راست.
ئىلىك ئال ئەرزىمەس ئاددىي ساڭا سۇنغان قەسىدەمبۇ،
مېنىڭ ياش بىغۇبار قەلبىم ھامان ساڭا چېتىقلىق راست.

## ھەسرەت

(مۇخەممەس)

كىمىكى مىسنى زەر دەپ داغلىساچىڭ چىدىمىغان ھەسرەت،
ۋەياكى كۆكنى يەر دەپ چاغلىسا دىل تىلىغان ھەسرەت.
ۋەيا تۈزنى شېكەر دەپ سانىسا بەك قايىنىغان ھەسرەت،
دىلى ئەماغا ھەر چاغ ھەر زامان رىشتە باغلىغان ھەسرەت.
ئەقىل نىگاھىدىن داجىپ، ناداندىن قاچمىغان ھەسرەت.

بىراۋنىڭ بېشىدا تاج بولسا تۆت ئاياغلىنىپ ئۆمىلەپ،
كۆلۈپ ئالدىدا قەھ-قەھ، كەينىدىن دارتىملاپ سۆزلەپ،
ھۆپۈپنى يۇگىدىماي يەپ، پاك ھەسەلدىن ھامان قىل ئىزدەپ،
بالاغا مۇپتىلا نەسكە ھەر چاغ پايدىنىلا كۆزلەپ،
نومۇس، ۋىجدانىنى ساتقان مۇزيۈرەكنى داغلىغان ھەسرەت.

قەلەم قاشلار قىلسا تەبەسسۇم بىھار جان نىسار قىلغان،
كېچىپ جانانىدىن ئىشقى-پىراقىنى بىكار قىلغان،
قېشىنى يا قىلىپ كىرپىكنى ئوق، كۆزىدە شىكار قىلغان،
كۆپۈك يەڭلىغ شۇ سۆيگۈگە يۈرەكنى يادىكار قىلغان،
ھاياسىز قەلبىدە مىڭ گەز بولۇپ مۇز توڭلىغان ھەسرەت.

بىلىپ گويا ئۆزىنى ناغ، غىرىچچە قەددىگە باقماي،
تىنىق لاي كۆلدە تىمىسقلاپ دېڭىزدا كەڭ قۇلاچ ئاتماي،
قەدەمدە مىڭ مۇدۇرلۈپ مەنزىلى ھېچ ئالغا باسماي،
ھەمىشە بۇلغىنىپ غەپلەتتە، ئەلنىڭ كۆڭلىگە باقماي،
يېتىم قالغانغا نەشتەردەك مالالسىز سانجىغان ھەسرەت.

ئەگەر كىم چىقسا ئۆگزىگە «ساماننىڭ ئۈستىدە مەن دەپ،»
يىقىلسا كۆزىگە باقماي «خەپ، يىقىلدىم قەستىدە مەن» دەپ،
ھەسەتتىن غەش بولۇپ كۆڭلى «قىيامەت دەستىدە مەن» دەپ،
ھامان شەمشاتنى كەسمەككە «قىلىچنىڭ دەستىدە قول» دەپ،
خاۋالىت ① تاشقا ئۈسكەنىنىڭ تېنىنى چۇلغىغان ھەسرەت.

---

① خاۋالىت — قۇمۇل شىۋىسى، چالا ئۇيقۇدا دېگەن مەنىدە — ت

غېنىلىق پەسلى ياشلىقنى بىھۇدە ئەيلىگەن بەربات،
بەڭباشلىق تۇزاقىدا ھاياتنى باستۇرۇپ قات - قات،
قىلماستىن ھەزەر، دەسسەپ تىكەننى قىلسىمۇ ۋاي - داد،
ئاتانى قاقشىتىپ، ئانا كۆزىنى ياشلىغان پات - پات،
قاغىشنىڭ ياراسىنى رەھىمسىز تۇزلىغان ھەسرەت.

ئىلىم ئەھلى، كى ئىجاد ئەھلى ۋىجدان ئەھلىدە سەن يوق،
قۇياشتىن نۇر ئىمىپ كۈلگەن چېچەكلەر بەرگىدە سەن يوق،
مۇراد - ئارزۇسىغا قانغان ھاياتنىڭ كۆركىدە سەن يوق،
زەپەرنىڭ مەركىسىدە ياڭرىغان شاد كۈلكىدە سەن يوق،
پەقەتلا مېۋىسىز باغنى بۇلۇتتەك قاپلىغان ھەسرەت.

ھەيۇستۇر، سەن يېپىشقان ھەركىشىنىڭ رەڭگى-رەفتارى،
ساڭا بولماس ئىكەن ئەسلا قاچا، دۇنيادا يوق - بارى،
سېنىڭدىن بولمىغۇنچە خالى تۈگىمەس دىلنىڭ ئاھ -زارى،
تۆكۈلدى لەۋ ئەمەس دىلدىن شۇڭا شائىرنىڭ ئەشئارى.
سېنى كۆرمەسكە قوزغالدى يۈرەكتە ئىسيان ھەسرەت،

◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇

نەمەت ناسىر

## گۈلخۇمارغا

سەيلى قىلىپ گۈلباغ ئارا يەكشەنبىدە،
ئامرىقىم تاللاپ تىزىپتۇ دەستە گۈل.
ئۆيگە كېلىپ سالدى ئۇنى بىر لوڭقىغا،
قويدى سۇنى، بولدى تۈۋى ئەينى كۆل.

كۈن ئۆتۈپ سولدى تامام گۈل بەرگىسى،
شاخلىرىمۇ قالدى پەسكە ئېگىلىپ.
بولدى شۇندا ئامرىقىم بىر پەرۋانە،
كۆيدى قەلبى، نە ئۈچۈن؟ گە چېگىلىپ.

شۇندا دېدىم: — سولىشامتى ئەسلىدە،
قالمىسا گۈل يىلتىزىدىن ئايرىلىپ.
يوقىتىپ ھەم زېپ چىرايلىق ھۆسنىنى،
بەرگى سولۇپ، شاخلىرىمۇ قايرىلىپ.

ئەي جانان سەن گۈلخۇمار بولساڭ ئەگەر،
بېغىمىزغا رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر تېرى.

تېردىماستىن ئويلىماسلىڭ ئۆزۈشىنىلا،
توزۇغۇسى بارچە گۈللەر ئاخىرى.

## رۇبائىلار

ئەقىللىق سۆزنى ئويلاپ سۆزلەيدۇ،
ئىشىدا يىراقتىن نىشان كۆزلەيدۇ.
نادانلار بۇگۈنى قۇرسا بىر شەھەر،
ئەتىلا پۇشايمان يەپ ئۇنى تۈزلەيدۇ.

* *

بىلىمسىز كىشىنىڭ يۈرۈشمەس ئىشى،
چۈشەنمەس بۇ گەپنى دىلىمسىز كىشى.
بىلىمنى دوست تۇتماي يۈرگەن كىشىنىڭ
ئاقىۋەت بىھۇدە يېردىلار بېشى.

* *

ياشلىقتا تۇتمىساڭ بىر ھۈنەر ـ كەسىپ،
قېرىغاندا پۇشمانغا قالىسەن پېتىپ.
شۈكلاشقا ۋاقتىڭنى قەدىرلە دوستۇم،
كوچىدا لاغايلاپ يۈرمەي گەپ سېتىپ.

* *

ئالەمدە قۇياشتەك يورۇق نەرسە يوق،
ھاياتتا ئانىدەك ئۇلۇغ نەرسە يوق.
تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىشتا،
قۇدرىتى بىلىمدەك تولۇق نەرسە يوق.

* *

ئېقىلنىڭ جەۋھىرى ئەزەلدىن ھېكمەت،
دېيىشەر ئاقىللار قىلىشىپ سۆھبەت.
دۇنيادا ئۆتكەنتى قايسى بىر ئالىم،
بىلىمنى ئۆزىگە تۇتماستىن ئۇلپەت.

* *

كۆڭۈلدىن ئۆچكەندە ئۈمىد چىرىغى،
بىلىنەر سەپەردە يولنىڭ يىرىقى.
ئۈمىدتۇر كىشىنى روھلاندۇرغۇچى،
ئۈمىدتىن گۈل ئاچار ئۆمۈرنىڭ بېغى.

* *

ئەزەلدىن خاتادىن خالى ئىنسان يوق،
بولسىمۇ گەرچە ئۇ، مۆتىۋەر، ئۇلۇغ.
كىمىكى نۇقسانسىز ئىشلەيمەن دېسە،
خاتانى ۋاقتىدا تۈزەتسۇن تولۇق،

* *

دوستۇڭنىڭ نەسىھەتى بولغانچە ئاچچىق،
مېۋىسى پىشىدۇ شۇنچىلىك تاتلىق.
كۆڭلۈڭدە ساقلىساڭ مۇشۇ ماقالنى،
دىلىڭدىن ئۆچمەيدۇ مەڭگۈگە شادلىق.

* *

ئەمەلنى بىلمىگەن ھەممىدىن قىممەت،
قىممەتى دۇنيادا ئەخلاق پەزىلەت.
ئۆمرۈڭدە تىكلىسەڭ ئەخلاق مۇنارى،
ئۆلسەڭمۇ ئەل سېنى يادلايدۇ ئەبەت.

* *

چېقىمچى ئالدىڭدا ماختار گەپ بىلەن،
ئارقاڭدىن قاغايدۇ: «توختا»، «خەپ» بىلەن.
ھېجىيىش، ھومۇيۇش نۆۋەتى ئۇنىڭ،
ئالمىشار ئاردىدىن ئالغان نەپ بىلەن.

* *

دوستۇڭنى ئۆلچىمە گۈزەل يۈزىدىن،
ۋە ياكى سىپايە ــ سىلىق سۆزىدىن.
كۆڭلىدە شۇم غەرەز بارمۇ ـ يوق ئۇنىڭ،
مۆلچەرلە ئويناتقان ئىككى كۆزىدىن.

* *

چۆللەرگە گۈزەللىك بېغىشلاپ توغراق،
ياشايدۇ ئەسىرلەپ ئۇزاقتىن ئۇزاق.
توغراقنىڭ خىسلىتى ئۈلگە ئىنسانغا،
شۇڭلاشقا مەدھىيلەپ قاتىمىز قوشاق.

* *

بولسىلا يېنىڭدا بىر كەمەك ھەييار،
بولىدۇ نىسىۋەڭگە ھەممىشە تەييار.
پەخەس بول تەييارغا ھەييار بولغاندىن،
بولمىسا ئامىتىڭ توزغاقتەك توزار.

* *

بەزىلەر ئۆزىنى ئەقىللىق بىلەر،
يار ئاڭا شۇڭلاشقا مەككارلىق ھۈنەر.
بىراۋغا يوللىسا ھەيۋە سوۋغىسى،
بىراۋغا يالۋۇرۇپ پۇتىنى سۆيەر.

* *

بەزىلەر خەلق دەپ جاپا تارتىدۇ،
بەزىلەر «تاپتىم» دەپ يۈكىنى ئارتىدۇ.
تەييارغا ھەييار بوپ يۈرگەن ساياقلار،
پۇچەك يارماققا ۋىجدان ساتىدۇ.

* *

بەزىلەر قەدەمدە بېرىدۇ ۋەدە،
ۋەدىسى قالىدۇ دېگەن يېرىدە.
ۋەدىنى ئورۇنلاش ئىنسانى بۇرۇچ،
ۋەدىنى بۇزغاننى دەيمىز شەرمەندە.

*  *

پاك نىيەت قىلىدۇ ياخشىنى ئۆلگە
بېغىنى ئورايدۇ خۇشپۇراق گۈلگە.
ئەل ئۈچۈن نەپ بېرىش ئاڭا زور شەرەپ،
غادايغان كىشىنى تەڭ كۆرەر نۆلگە.

*  *

باغ دېمەس كىشىلەر يانتاقلىق يەرنى،
مەرد دېمەس ھېچقاچان ئىش سۆيمەس ئەرنى.
«ئەر غېمى ئەلدە» دەپ ئېيتقان خالايىق —
بېشىدا كۆتۈرەر كىم تۆكسە تەرنى.

## ئەلگە ئۈمىد بېغىشلار باھار

باھار بىلەن ئىللىغاچ زېمىن،
ئېرىق-ئۆستەڭ راۋان ئېقىشتى.
ئالدىرىغاندەك يېزا - يايلاققا،
ئۆركەش ياساپ شاۋقۇن سېلىشتى.

ياسانغاندەك تويغا چوكانلار،
يۈزدىن ئاچتى لىباسلىق تاغلار.
شادلىقىنى نامايان قىلىپ،
چېچەك قىستى مېۋىزار باغلار.

يېشىل مەخمەل ئارتتى بويىغا،
قۇچتى كەڭ چېمەنزار يايلاق.
كۆكنى قۇچتى بوز تورغاي ئۈنى،
ئويناقلىشار قوزا ھەم تايلاق.

ئەنە قاراڭ كەڭرى ئېكىنزار،
باھار بىلەن كەتتى جانلىنىپ.
ناخشا ئېيتىپ ياڭراتتى كۆككە،
بارچە دېھقان سەپكە ئاتلىنىپ.

سالالاشقان ئېتىزلار مانا،
بولدى رەڭدار گىلەمنىڭ ئۆزى.
بارچە كۆكات ياردى بىخىنى،
باھارنىلا كۈتكەندەك كۆزى.

باھار بىلەن سىن تۈزەپ زېمىن،
ئىقبالىغا قۇچاق ئېچىشتى.
شايى رەڭلىك ھەسەن ـ ھۈسەنمۇ،
زوقى بىلەن ئاڭا بېقىشتى.

ئەلگە ئۈمىد بېغىشلار باھار،
باھار دېمەك پەسىل ئەركىسى.
ئۆزى بىلەن بىللە كېلىدۇ،
غەلىبە، كۈرەش، توي مەرىكىسى.

تۇرسۇن ھەسەن

## بوستاندا توي

بەرىكەتلىك سېخى كۈزدە مول-ھوسۇلنىڭ،
دىلغا ھوزۇر كۈيى بەلەن ياڭرىغاندا.
ئانا مېھرى كەبى ئىللىق كۈز قۇياشى،
كۆز چاقنىتىپ تاڭدا كۈلۈپ پارلىغاندا.

گۈلشەن ئارا —
گۈلزار ئارا،
ھويلا ئارا،
لالە رەيھان رەڭدار چىمەن ئېچىلغاندا،
بۈك-باراقسان، سۆۋادانلىق، قارىغايلىق،
كوچىلارغا خۇددى ئىپار چېچىلغاندا.

باشلىۋەتتۇق بوستاندا بىز مۇبارەك توي،
سېخى كۈزدە ئەلگە ھوسۇل بەرمەك ئۈچۈن.
ئىجادىيەت گۈلشەنىگە تۆكۈپ ساپ تەر،
خۇش پۇراقلىق ئۈز گۈللەرنى تەرمەك ئۈچۈن.

تۈمەن بۈلبۈل قاقتى قانات
ئۈردى خەندان.

دەستە ـ دەستە گۈللەر تولدى ھەممە يانغا،
ھايات بەخش مەينى ئىچتۇق ئالتۇن جامدا،
چۆمۈلدۇق بىز خۇشاللىقتا، ھاياجانغا.

ئىشقا سېلىپ ئەي يارەنلەر پاراسەتنى،
نەزمىمىزدە كۈيلەيلى بىز سائادەتنى.
تۇنجى تويىنىڭ ئىلھامىدىن ئۇرغىغان كۈي،
ئۆرلەتكۈسى كۆككە غەيرەت ـ جاسارەتنى.

ئىسمايىل ئىبراھىم

## ئارىتام

تەرەپىڭنى ئاڭلار ئىدىم كۆپتىن بۇيان،
پۇرسەت كېلىپ ماڭدىم بۈگۈن سېنىڭ سايان.
باغلىرىڭغا سىڭگەن ئىكەن خەلقىم ئەجرى،
شۇڭا بوپتۇ تەرەپاتىڭ تىلدا داستان.

تاشقەر ئىكەن دەسلەپ قەدەم بېسىلغان جاي،
قۇرام تاشقا تولغان ئىكەن جىرايىو ساي.
تاشلار ئارا ئوتلاپ يۈرەر قوي-كالىلار،
چېچەكلەر ھەم تۇرالماستىن تولۇپلارۇ تاي.

گۈل-چېچەككە پۈركىنىپتۇ ئەتراپ ھەر جاي،
بەزىدە قىلار تومۇچۇقلار سايراپ تىنماي.
ماشىنىدىن چۈشكەن ئىدۇق يول ئۈستىدە،
قەلەم قاشلىق ئۇز چوكانلار تۇتتى سىنچاي.

رەھمەت ئوقۇپ ماڭدۇق يەنە يولىمىزغا،
باغدىن ئۈزگەن مودەنگۈلەر قولىمىزدا.

يەتتۇق شۇچاغ تاغ باغرىغا تۇتاش كەتكەن،
كەڭ يېشىللىق ئارىتام دېگەن قەدىم باغقا.

ھاياجاندا تالدى قاراپ كۆزۈم مېنىڭ،
باغى ئىرەم دىيار ئىكەن باغىڭ سېنىڭ.
ئالما، ئۆرۈك، ياڭاقلارغا تولغان ئىكەن،
دىماغىمنى يارار ئىدى ئىپار ھىدىڭ.

ئاقار ئىكەن زىلال سۈيىڭ شاۋقۇنلىنىپ،
ئۆرۈلۈپ تاشتىن – تاشقا دولقۇنلىنىپ.
شاۋقۇنىڭغا قىز – چوكانلار جۆر بولۇشقان،
چاڭىلدىشىپ ناخشا ئېيتار بۇلبۇل بولۇپ.

قۇچاق يەتمەس ياڭاقلىرىڭ ئاسمان پەلەك،
ئالما، ئۆرۈك باغلىرىڭمۇ بۆلەك – بۆلەك.
شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئالمىلىرىڭ،
ئوخشىغاچقا ھەر شېخىغا ساپتۇ يۆلەك.

قامىتىڭگە بەك ياراشقان تېغىڭ ئىكەن،
تاغنى بويلاپ كۆز يەتكۈسىز بېغىڭ ئىكەن.
بىر كۈن مېڭىپ ئۇ چېتىگە يېتەلمىدۇق،
تازا گۈللەپ ياشنىغان بىر چېغىڭ ئىكەن.

تاغ ئۈستىگە چىققان ئىدىم باغ ئايلىنىپ،
سىپاپ ئۆتتى يۈزلىرىمنى مەيىن شامال.

زەرباب لىباس كىيىپ تۇرار ئىدى پەستە،
ماڭا قاراپ بىر چىرايلىق ساھىپ جامال.

مەپتۇن قىلدى مېنى سېنىڭ شۇ جامالىڭ،
قاراپ ساڭا تۇردۇم قانچە بىلمەي قالدىم.
كۆزۈم قىيماي خەيرلەشتىم ئامال قانچە،
لېكىن سەندىن ھوزۇرلىنىپ ئىلھام ئالدىم.

ئارسلان تالىپ

## كۆلكە

كۆيمەيدىم تۇرمۇش ئوتىدا ۋە لېكىن پىشتىم كۈلۈپ،
ۋاپا ھەم جاپا شارابى قانغىچە ئىچتىم كۈلۈپ.
كۈلكە ماڭا يار - يۆلەكتۇر تۇرمۇشىمدا ھەر قاچان،
كۈلكىگە پەداز بېرىشىمنىڭ تۈگۈچىن يەشتىم كۈلۈپ.
پەن بېغىدا گۈل - چېچەكلەر زەپ پۇراق چاچقان بولغۇن،
دىل كۆزىدە پەن بېغىنى سەيلىگاھ ئەتتىم كۈلۈپ.
ھاياتىمنى نام - ئاتاقتا قۇل قىلىشىمنىڭ ئەھلىنى،
تونىغاچ ئەقىل سىماسى بىر يولى كەچتىم كۈلۈپ.
ئەمدى تاپقان شۇ ئەقىلنى چاپتۇرۇپ ھەر يان قاراپ،
مەردۇ - مەيدان جەڭ - كۈرەشىمنىڭ ئەھلىگە يەتتىم كۈلۈپ.
چىن دىلىمدىن كۈلكە قايناپ، كۈلكىمۇ شوخكەن ئەجەب،
دىل بېغىمغا سۇ يۈگۈرگەچ زەپ يۈرەك ئاچتىم كۈلۈپ.
ئارسلان دەركى بۈگۈن ئىللىق تەبەسسۇم ئىلكىدە،
ئىجادىيەت سەپىرىگە ئات سېلىپ ماڭدىم كۈلۈپ.

## قەلەمدىن خىتاب

قولدىكى ئۆتكۈر قەلەمدىن چىقتى بىر كۈن بىر سادا،

نە سادىكى تىترىتىپ ئىشقى يۈرەكنى بۇندا.
گەر مېنى مەڭگۈگە دوست تۇتماقنى قىلساڭ ئىختىيار،
ئۆتىمسۇن ئۆمرۈم بىكارغا ئەيلىگىن قەرزىم ئادا.
ئاڭلا ئۆتمۈش تارىخىمنى بىر كەلىمە سەن شۇتاپ،
شۇندىلا ئۇخلاپ يېتىشتىن بولىسەن تامام جۇدا.
چىڭ تۇتۇپ ئەجدادلىرىڭ بولغاچ ماڭا چىن ئاشىنا،
قالدۇرۇپ تارىخنى بىر - بىر يەتكۈزۈپ بەرگەن ساڭا.
تىلسىماتىنىڭ سىرلىرىمۇ مەن بىلەن بولغان زاھىر، ①
سۆزلىتىپ ھەتتاكى قۇشنى چۆلدىمۇ ئەيلەپ ناۋا.
مەنزىلىمگە ئات سېلىپ ماڭغان ئىجادىنىڭ سەپلىرى،
مەرىپەتنىڭ ئاسمىنىدا يورۇتۇپ چاچقان زىيا. ②
ساددا مەسۇم، شوخ گۈدەكلەر قەلبىگە سالغان ئەقىل،
پەن - بىلىمنىڭ شەربىتىدىن زەمزەمى بەرگەن ئاڭا.
ئەمدى نېچۈن بۇ قولۇڭدا تۇرىمەن تىمتاس ئۆزەم،
بۇ ئىجادىنىڭ كارۋىنىغا زادى كەلمەيدۇ راۋا.
گاڭ قەلەمنىڭ بۇ سۆزىدىن قىزىرىپ بولدۇم خىجىل،
شۇندىلا رۇسلاپ ئۆزەمنى ئاڭا تاپتىم بىر داۋا.
مەن ئەگەر بولسام ئىجادقا چىن دىلىمدىن ئاشىنا،
بۇ قەلەملەر بەيگىسىدە چاپتۇراي ئاتنى راسا.
تېپىلۇر ئىجاد يولىدىن بۇ قەلەمنىڭ زىننىتى،
شۇڭا قىلغايمەن قەلەمنىڭ خىسلىتىگە جان پىدا.

---

① زاھىر — كۆرۈنۈش، ئاشكارە بولۇش
② زىيا — نۇر، يورۇقلۇق

ئابلىز ئۆمەر ھاجى

# سۆيگۈ تۇغقان خىياللار

1

تۇنجى رەت تانسىدا كۆرگەندە سىنى،
ۋۇجۇدۇم كۆكىدە يانغانتى قۇياش.
ئالغانتىڭ ئىلكىڭگە روھىم ئەركىنى،
مۇھەببەت قەسرىدە پارلىتىپ ئوتقاش.

مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىر بۇلاق مىسالى،
كۆزلىرىڭ شۇقەدەر تىنىق قۇندۇزدەك.
سىڭىشتى بوشلۇقتا كۆزلەر نىگاھى،
كۆزلىرىڭ چاقنىدى چولپان يۇلتۇزدەك.

تۇيدۇرماي قارىدىم كۆزلىرىڭگە بەك،
سەزدىڭ - دە، كۆزۈڭنى قاچۇردۇڭ مەندىن.
نېچۇندۇر تىترىدىم گوياكى بەزگەك،
ماگنىتنىڭ ھېكمىتى تارالغاچ سەندىن.

سەن كەتتىڭ شۇ ئاخشام قەلبىمگە ئوت سەپ،
گوياكى تېنىمدىن يۇرىكىمنى ئەپ.

مىسكىنلىك، غېرىبلىق ئىلكىدە بىر تۈن،
ئۇخلىماي تاڭ قۇچتۇم تاماكۇ شۈمەپ.

تاشلاپلا كەتتىڭغۇ كۆزنىڭ نۇرىدا،
قەلبىم ئۇپۇقىغا يارقىن قۇياشنى.
دىلىمدا ئۇرغىغان يېتىم نىدادا،
تىلىدىم كۆزۈڭدىن ئوتلۇق قاراشنى.

ئۇچراشتۇق نەچچە رەت شۇنىڭدىن كېيىن،
ۋە يەنە سۆزلەشتۇق دوستلاردەك قىزغىن.
قەلبىمدە يانسىمۇ مىسلىسىز گۇلخان،
ئالدىراپ مەن ساڭا ئېغىز ئاچمىدىم.

ئۇپراتتى يۈرەكنى روھى ئېچىرقاش،
ئىزتىراپ ئوتىدا بولدۇم چۇچۇلا.
بىلمىدىڭ ھالىمنى لېكىن باغرى تاش،
سەزمەستىن قالغاندەك ھالىمنى گويا.

كۆرگۈم كېلىپ تۇردۇ كۆرمەي دېسەممۇ،
كۆيدۈم بەك ئىشقىڭدا كۆيمەي دېسەممۇ.
تۈيغۇلار روھىمنى ئەيلىدى تۇتقۇن،
ئارمانلىق خىياللار سۈرمەي دېسەممۇ.

كەل جېنىم ئامرىقىم، كەلگىن يېقىنراق،
مەۋھۇم ھېس، غەملەرنى ئۇنتۇيلى شۇئان.

ئۇنتۇيلى دۇنيانى، ئۇنتۇيلى تۆگەل،
تومۇرلار قېتىدا ئۆركەشلىسۇن قان.

پەقەتلا ئىككىمىز قالغاندەك ھايات،
مۇھەببەت سۆيگۈدىن ئالايلى نەپەس.
ئايمۇ ھەم قىزغىنىپ چەكسۇن مىڭ پەرياد،
مىسكىنلىك جامىنى تولدۇرۇپ پەۋەس.

مۇھەببەت ـ سۆيگۈنىڭ قايناملىرىدا،
تەۋرىسۇن يۈرەكلەر تۇختىماي لەرزان.
ئۇقۇشچۇن زارىققان ۋىسال نامىزىن،
مۇڭلانغان ئوت يۈرەك توۋلايدۇ ئەزان.

كەل جېنىم دىلبىرىم ئوقۇيلى ناماز،
ۋىنالار بىز ئۈچۈن بولسۇن روھ ـ خۇدا،
سۆيگىمىز ئۆمرىگە قۇت جان تىلىسەك،
يارالغان بولاتتى يېڭى بىر دۇنيا.

گادىرماش خىياللار ئىلكىدە يۈردۇم،
خىياللار تۇغدى ئاھ يېڭى خىياللار.
گاھىدا شادلىقتا خەندانە كۈلدۇم،
گاھىدا يولۇمنى توستى خىياللار.

قاچانمۇ تويۇنار بۇ يېتىم روھىم،
ھەتتاكى ئۆزۈمنى كەتكۈدەك ئۇنتۇپ.

يۈرىكىڭ قېتىمىغا ئۇۋا سەپ ئىشقىم،
كېتەركىن قاچانمۇ روھلار قوشۇلۇپ.

بىر تۇرۇپ تۈيغۇمدا سۆيگۈڭنى گۈزەل،
ئىلاھى ئۈن بىلەن توۋلىدىم غەزەل.
بىر تۇرۇپ ئۆزۈمچە تۈگەشتىم تۈگەل،
ئۇزاقتىن كۈتكىنىم بولمىغاچقا ھەل.

شۇ تەرىق ئۆزىدى سەككىز ئاي نېتەي،
دېمىدىڭ پەقەتلا ھالىمغا يېتەي.
نېم دەركىن ئىشقىمنى ئەيلىسەم ئىزھار،
كەچۈرۈڭ ... دېسە گەر شۇ ھامان ئۆلەي.

سەككىز ئاي سەكسەن يىل بىلىندى ماڭا،
ئەي گۈزەل ئىشقىڭدا يۈرىكىم كۆيۈپ.
نېچۈندۇر سىردىمنى ئېيتالماي ساڭا،
يۈردۈم مۇڭ ئىلكىدە كۈلۈپ گاھ ئۆلۈپ.

تېگى يوق، چېكى يوق ئۆلمەس خىياللار،
باشلاپ بار شۇ جانان قەلبىگە مېنى،
ياڭرىدى روھىمدا ئۈنسىز نىدالار،
ئويغىنىپ قەلبىمدىن جۈرئەت كۈيىنى.

2

چىن سۆيگۈ كۈيىگە ۋەزسىنداش قىلىپ،

ئالدىڭدا توۋلىدىم يۈرەك ناخشامنى.
كەتكەچكە يۈرىكىم چاك - چاك يېرىلىپ،
ئويلىدىم قەتئىي ھېس تۇغقان ئاخشامنى.

قەلبىمنى ئىزھار قىلىپ ئېيتتىم شۇنچە كۆپ،
دىل چەشمەم ئۇنلىگەن مىسكىن ناخشىنى.
ئىشقىڭدا يۈرىكىم كۆيىدىغۇ ئەجەب،
سۆيمەيمەن پەقەتلا سەندىن باشقىنى.

شۇ ئاھاڭ ۋەزنىدە توۋلىدىم خېلا،
قەلبىمدىن قەلبىڭگە كەشتىلەر توقۇپ.
ئاخىرى كۆزۈڭدىن چاقناتتىم زىيا،
تۇرغاچقا قەلبىمدىن نۇرلار قۇيۇلۇپ.

دىلدىكى قۇياشقا سىڭدى نۇرلىرىڭ،
شادلىقىم ئىچىمگە سىغمىدى شۇتاپ.
يېڭى بىر ناخشىنى ياراتتىم شۇ ئان،
سۆيگۈمىز روھىغا بېغىشلاپ - ئاتاپ.

تۇغۇلدى يېڭىدىن شېرىن ئارزۇلار،
سەن ئۈچۈن جان تىكىپ ياشاش ھەقىقىدە.
سۆيگۈمىز كۈيىچۈن پۈتتۈم قەلبىمگە،
بولاقتەك تۈگمەس داستان - قەسىدە.

پارلىدى يوللىرىم سۆيگۈ نۇرىدا،
پۈت باستىم يېڭىچە قەدەمدە خۇشال.

ۋە لېكىن كىم بىلسۇن ھايات يولىدا،
چىقىشىن نەشتەردەك رەھىمسىز شامال.

3

ئاردىن ھەپتىمۇ ئۆتمەستىن تۇرۇپ،
مۇھەببەت يولىغا قەدەم باسقىلى.
قويدىغۇ قىسمەتلەر يېڭى دەرد تۇغۇپ،
تەقدىرىم گۈلىگە تاشلار ئاسقىلى.

ئۆتمۈشۈم كەينىمدە قالغان يوللارنى،
ئالدىمغا توساق قىپ تاشلاپسەن ئەجەب.
تۇتۇپسەن ھەسەتخور، ياۋۇز قوللارنى،
يولۇڭنى كۆرسىتىپ قويسا پەيلەپ.

ئىغۋالار روھىڭنى ئەيلىدى تۇتقۇن،
نەچچە رەت دىسەمۇ چۈشەنمىدىڭ ھېچ.
ئالدىڭدا قەلبىمدىن قىلسامۇ قەسەم،
مېنىڭ مۇڭ كۆيۈمگە ئىشەنمىدىڭ ھېچ.

گەپ تاپقان بولغىيدى قايسى كۈشەندە،
سۆيگىمىز يېرىدىن شۇمبۇي ئۈندۈرۈپ.
بولدۇمغۇ يېڭى بىر دەردكە مۇپتىلا،
مەست - گاراڭ ھالەتتە خىياللار سۈرۈپ.

مىڭ ئەپسۇس، ئىنساننىڭ قەلبنامىسى،

تېخىچە ئىختىيار قىلمىغىنى يوق.
دىللارنىڭ يوللاردەك شەكىلنامىسى،
كۆزلەرنىڭ سەتھىگە سىلىنغىنى يوق.

بۇ قانداق قىسمەتكىن بىلمىدىم پەقەت،
گوياكى ئاسماندىن تاشلاندىم يەرگە.
ئەل ـ ئاۋام ئالدىدا بولدى ئەجەب سەت،
ئەمدى مەن كېتەيىن قايسى شەھەرگە.

يۈزۈمنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەي،
خالايىق ئالدىدا روھلۇق ۋە تۇرگۇن.
ئەمدى مەن نېمىدىن شادلىنىپ كۈلەي،
دىلدىكى مۇھەببەت ئەيلەنسە سۈرگۈن.

بەزىلەر ئۇنتۇپ كەت دېيىشتى لېكىن،
ئۇنتۇشقا پەقەتلا يەتمىدى ئەقلىم.
تۇيغۇمدا گوياكى تىترىدى زېمىن،
بىمەھەل تۇپراققا كۆمۈلگەچ بەختىم.

يۈرىمەن كۆمۈلگەن بەختىمنى ئىزدەپ،
ساراڭدەك ھەريانغا ئىزلار قالدۇرۇپ.
ماڭىمەن ماياكسىز نىشاننى كۆزلەپ،
ۋە لېكىن خىياللار قويدى تالدۇرۇپ.

بىلەلمەي قالدىمەن قانداق ياشاشنى،
دوستلارغا تۆكتۈم كۆپ قەلبىم دەردىنى.

بىلمەيدىم ئۆزەمنى قانداق بەزلەشنى،
قويياشقا ياپقاچ سەن مۇزلۇق ئوكيانىنى.

قوياشنىڭ تەپتىغۇ كۆچلۈك شۇقەدەر،
ۋە لېكىن مۇزلارنى ئېرىتەلەرمۇ؟!
گۈگۈمغا ئالماشتى قوياشلىق سەھەر،
كېچىدە مۇزلارنى تەۋرىتەلەرمۇ؟

سەن ئۈچۈن ھېچ ۋەجى يوقتەك ئازابىنىڭ،
يوررەسەن خىرامان خىزمىتىڭ ئىشلەپ.
مەنچۇ ھەي، نەقىلاي يىتىم روھ بىلەن،
بارسا دىل ـ قەلبىمنىڭ مۇڭلىرى ئەدەپ.

مەن كىم ھەم مەن نېمە بىلمەيمەن شۇتاپ،
تىرىكلىك ھالىمغا توغۇلغاچ گۇمان.
دىل ـ قەلبىم قاراڭغۇ چۈشمەيدۇ ئازاب،
قوترىشار تىنىمسىز بوران ۋە تۇمان.

قاراپ قوي قايتىدىن قايرىلىپ دىلدار،
روھلىرىم سېنىڭدىن يىمىسۇن ئازار.
سەنسىز بۇ ھاياتنى دەيمەن زىمىستان،
گەر ماڭا جۆر بولساڭ توغۇلار باھار.

× × ×

گەر ئۆتسەڭ ئالدىمدىن مەغرۇر ۋە تەمكىن،

ئۆز - لىۋەن گەۋدەڭگە قالىمەن قاراپ.
لەززەتلىك ئازابتا بولىمەن غەمكىن،
تۇمانلىق قەلبىمگە ئوت - يالقۇن تاراپ.

ئۆزۈمچە مەن سېنى دېدىم شوخ تايلاق،
روھىڭمۇ خالىدۇر غەم ۋە ئازابتىن.
شۇ قەدەر زىباسەن، شۇقەدەر ئوماق،
قول سوزدۇم تىلەپ شۇ قۇتلۇق ساۋابتىن.

بىلەمسەن ئەي تايلاق بۇ ئوتلۇق قەلبىم،
سەن ئۈچۈن گوياكى بىپايان يايلاق.
يايلىقىم ئىچىگە كىرەرسەن قاچان؟
چىن سۆيگۈڭ يۈكىنى يۈدۈپ ئەي تايلاق.

ئەخمەت سەيدۇللا

## باھار ناخشىسى

ياڭرىدى ساھادا يېڭى بىر ناخشا،
بېغىشلاپ دىللارغا ئالەمچە لەززەت.
گۈل كەبى پورەكلەپ ئارزۇ - ئارمانلار،
ياغماقتا ئېلىمگە شانۇ ۋە شۆھرەت.

ئۇ شۇنچە يېقىملىق باھار ناخشىسى،
كۆيلىنەر ئۇنىڭدا ئەلنىڭ ئارمانى.
يۈكسەلدى ئىلىم - پەن خۇددى قۇياشتەك،
بولغاچ ئۇ چېلىشنىڭ يېڭى پەرمانى.

بولغاچ ئۇ چېلىشنىڭ يېڭى پەرمانى،
ئاتلاندۇق شۇڭقار بوپ يېڭى پەللىگە.
ئىسلاھات دولقۇنى گويا بوپ يامغۇر،
قۇت ياغدى مىليونلاپ ئەلنىڭ قەلبىگە.

قۇت يېغىپ مىليونلاپ ئەلنىڭ قەلبىگە،
يېزا ھەم شەھەردە ئۆتەر قوشلاپ توي.

تۇس ئېلىپ ياىلاقلار بولدى چىمەنزار،
ئۇتلىشار بىھېساب ئات، كالا ھەم قوي.

سوقىدۇ باھار دەپ مىلىيون-لاپ يۈرەك،
مىسالى جەننەتتۇر ئارزۇمىز، تىلەك.
باھاردەك ياشنايدۇ باھار ناخشىسى،
پارتىيەم بولغاچقا تاغ كەبى يۆلەك.

◈◈◈◈◈◈◈◈◈◈

ئوبۇلقاسىم توختى

# كۈز

بارچىسى تەل، ئاززۇلار ھەل، بەكمۇ گۈزەل كەلدى كۈز،
سانىسام تەكرار چۈجىنى ئەي بولۇپتۇ يۈزدە ـ يۈز.

مەي بولۇپ پىشقان ئۈزۈم، ئامۇت، بادام، جىگدە، ياڭاق،
نازىنىن سۆپەت تەزىم قىلىپ دەيدۇ: باغۋەن مېنى ئۈز.

ئوخشىغان شال ھەم قوناق، پاختا، كەندىر، سەيلەر راسا،
دەيدۇ: دېھقان خوجايىنىم يىغىپ ئېلىڭ بىزنى تېز.

ئات، كالا، توپ ـ توپ بولۇپ ئوتلىشار يايلاق ئارا،
تەنلىرى سىغماس تېرىسىگە شۇنچە قاۋۇل ھەم سېمىز.

تاش ئۆستەڭدە سۇ شارقىراپ سالىدۇ شاۋقۇن سۈرەن:
نۆكەيلى بالۇ شـەربەت ۋايىغا يەتكەي ھەر ئېتىز.

تاڭ سەھەر ئىشقىدا بۇلبۇل سايرىشار خەندان ئۇرۇپ،
دەيدۇ: چىن بەخت گۈلى قىسقان يارانلار بەزمە تۈز.

كەتتى ئاپەت، كەلدى ئامەت ئەلمۇشاد ھەم دىلمۇ شاد،
يىلسېرى ماھى تاباندەك يەنە كېلەر كۆز، شۇنچە ئۈز،

## تۆيۈقلار

تۈنۈگۈن تۇغۇلۇپ بوپسەن ئۈچۈرما،
يىپى يوق لەگلەكتەك خەقنى ئۈچۈرما.
ئاش پىشار بىر قېتىم ياغاچ قازاندا،
بولدى قوي، قايتىلاپ كەيپىم ئۈچۈرما.

*　　　*

تىرىكلىكتىن بىشارەتتۇر دەرەخ تىككەن،
قەدىرلىكتۇر ئەل بەختىچۈن جانىنى تىككەن.
داغدا قالغان ھۆپپۈپ كەبى ئۆتەر تەنھا،
كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىپ تۇقۇم تىككەن.

*　　　*

ئۆتۈپتىمەن قولدا تەخسە ئېيتىپ خوش ـ خۇش،
ئامىتىم كەلدى دېدىم ئۆزۈم بەك خوش.
ئاقىۋەتتە سۇندى تەخسەم يەتتى ئىزا،
بۇ ھۈنەردىن بولدۇم بىزار ئەمدى خەيرى-خۇش.

*　　　*

كىشىنىڭ زىننىتى ئەخلاق ۋە ئەدەب،
ئۆزىنى سوردىسا، كەتمىسە ئەدەپ.
ئەقىلىنىڭ ئۈستىگە، نەپسى مىنگەشكەن،
ھامانە يەيدۇ رەھىمسىز ئەدەب.

*   *

ياخشىدۇر گەپ دېگەن بولسا يۈزمۇ - يۈز،
قاتمىسا يالغاننى ئوننى قىلىپ يۈز.
سۇخەنچى قانچە كۆپ چەكسىمۇ جاپا،
دەيدىكەن بارچە ئەل دە يۈز — قارا يۈز،

غېنى ياقۇپ

## ئىستىقبال ئۈچۈن

ئىنسانچۈن ئىستىقبال تەگدۇر جان بىلەن،
كېلىدۇ ئۇ پەقەت ئەجرە، قان بىلەن.
تىكلىسەڭ ئۇلۇغۋار يۈكسەك ئىرادە،
يېتىسەن غايەڭگە زەپەر ـ شان بىلەن.

غايىدۇر ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ تىلىكى،
ئۇمىدلىك ياشاشقا سوقار يۈرىكى.
شۇڭلاشقا بۇ يولدا قىلىدۇ كۈرەش،
سادىقلىق، ئىرادە بولۇپ تىرىكى.

ئۇ گويا پايانسىز دېڭىزدا ئۈزگەن،
دېڭىزلار تېگىدىن مەرۋايىت سۈزگەن.
ئوخشايدۇ قورقماس باتۇر غەۋۋاسقا،
ئەجرىدىن شان قۇچۇپ بەختى ھەم كۈلگەن.

ۋەتىنىم ياراتتى پارلاق كېلەچەك،
ئۆسمەكتە بەختىيار تۇمەنمىڭ چېچەك.
ئۇچماقتا شۇڭقارلار كۆزلەپ پەللىنى،
يايغاچقا بەختىيار ھايات كەڭ ئېتەك.

مېنى ھەم ۋەتىنىم قىلدى بەختىيار،
سۆيگىنىم، ئارمىنىم مۇشۇ كەڭ دىيار،
ئۇلۇغۋار ئىرادە تىلەكلەپ بىر ئۆمۈر.
ئىشلىسەم نەئارمان بولۇپ سادىق يار.

## ۋەتەن ئىشقى

ئوخشاتسام ۋەتەننى قىپقىزىل گۈلگە،
مەن ئۇنىڭ ئىشقىدا سايرىغان بۇلبۇل.
ئېلىمدە باشلانغان ئۇلۇغ بەيگىدە،
مەنزىلگە ئاتلانغان قاناتلىق دۇلدۇل.

تۇپرىقىڭ تۇتىيا، سۇلىرىڭ كەۋسەر،
گۆھەردىن قىممەتتۇر تاشلىرىڭ سېنىڭ.
مېھرىڭدىن تېنىمگە بەردىڭ ھارارەت،
سېنىڭسىز سوۋۇيدۇ يۈرىكىم مېنىڭ.

نېمىتىڭ مىسالى تۈگىمەس دەريا،
مەن ئاشۇ دەريادا سۇ ئۈزگەن بېلىق.
ئۈمىدىڭ ئاقلايمەن كۈچ - زېھنىم بىلەن،
بولسىلا تېنىمدە ئاخىرقى تىنىق.

ۋەتىنىم تەقدىرىم بىردۇر سەن بىلەن،
تۆرەلدى سېنىڭدىن بۇ تېنىم مېنىڭ.
شۇڭلاشقا ياشايمەن سەن ئۈچۈن پەقەت،
سەن ئۈچۈن پىدادۇر بارلىقىم مېنىڭ.

ئۆمەر تالىپ

## يېزامدا كۈز

كەلدى كۈز ئالتۇن پەسىل ھەر ياندا شادلىق كۈيلەرى،
زەر بىلەن ئورالدى نەپىس يېزىمىزنىڭ بويلىرى.

ياغدى بەرىكەت ھەر تەرەپتىن دېھقىنىم بولدى خۇشال،
ساڭ توشۇپ ئاشلىققا لىق بوش قالمىدى ھەم ئۆيلىرى.

قاپلىنىپتۇ ھەر مەھەللە مېۋىلىك باغلارغا لىق،
كىيىنىپتۇ مىسلى كۆركەم خان ئەتلەستىن باغلىرى.

باغدا ياپراق تەكتىدە جىگدە، ياڭاقلار ئۇخلىشار،
ۋايىغا يەتكەن پىشىپ ئەنجۈرۈ ئانارلىرى.

ئەسلىتەر گوياكى تاغنى ئېغىل، قوتان ئۆگزىسى،
تۈردۇ دۆۋە ـ دۆۋە شاخ ـ شۇمبا، ئوت ـ چۆپلىرى.

بىر سېۋەت سامانغا زار بولغان ۋاقىتلار كەتتى خۇش،
دېھقىنىمغا ئېچىلىپتۇ شەخسىي بېيىشنىڭ يوللىرى.

ئات سېمىز، سىيىر سېمىز تەڭنىدە قېتىق، قىمىز،
هويلىلاردا قۇيرۇققا يەڭدەپ كۆشەپتۇ تۈمەن قويلىرى.

جاي ئېلىپتۇ ئۆگزىدىن ھەم جاغدا، مىژگەن، كاۋىلار،
تەكلىردە مەي تېمىپ تۇرار بىجاقى. قەشقىرى.

سەيلىگە كەپ قالسىڭىز كۆزدە گەر يېزام تامان،
نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن تولار سېخى داستىخانلىرى.

ياڭرىشار ھەر كۆنلۈكى داپ، غىجەك، نەيىنىڭ ئۈنى،
بەس ـ بەس بىلەن قايناغان قىز ـ يىگىتلەر تويلىرى.

ئۆز ئەجرىسى سىڭگەن نېمەتنىڭ قۇۋۋىتى قايناپ ـ تاشار،
رۇستەمى داستان سۆپەتلىك يېزىمىز دېھقانلىرى.

نېمىدېگەن ئاۋاتچىلىق ھەم توقچىلىق بۇ جاي بۈگۈن؟!
ئېچىلىپتۇ يېزىمىزدا ئادىل سىياسەت گۈللىرى.

بەگمەت يۈسۈپ

## نورۇز كېچىسىدىكى چۈش

1

باغداشنىڭ بېشىغا چىقتىم مىڭ تەستە،
قول سوزدۇم سەرۋەڭگە بېقىپ ھەۋەستە.
ئانامنىڭ چېچىدەك ئاقارغان چوققا،
سۈكۈت قىپ ئولتۇرار كۆزلىرى ياشتا.

سەرۋەڭگە قول سوزدۇم سىرىلدىم پەسكە،
ياماشتىم قايتىدىن قويدۇم تاشقا باش.
ئەجەب بىر ھارغىنلىق چۇۋۇپ چۈشۈمنى،
چۈشۈمگە ئارىلاشتى يەنە شۇ باغداش.

بۇ مەستخۇش بىر دۇنيا. چېكى يوق بوشلۇق،
بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇچىمەن گويا.
ساماۋى يوللارغا چېچىلغان ۋاراق،
ھەر ۋاراق مەيلىمنى قىلار مەھلىيا.

ساماۋى مەنزىللەر قالدى ئارقامدا،
جەننەتنىڭ بېغى بۇ دېگۈدەكمىشمەن.
ھە، راست قىزدېپتۇ بۇ يەردە بەزمە،
بۇ نورۇز مەشرىپى دېگۈدەكمىشمەن.

ئاخۇنبەك مۇڭلىنىپ چالغۇدەك غىجەك،
ئاقپاشا ئاكىمۇ كەپتۇ سورۇنغا.
لەيلىخان ئۇسسۇلغا چۈشتى بىر چاغدا،
پۈتىنى تەڭلىگەچ ئۆمەر باتۇرغا.

تونۇدۇم ياچىبەگ تۆمۈر خەلپىنى،
خوجىنىياز ھاجىمۇ ئولتۇرار تۆردە.
ئۆزىنى خۇش چاقچاق تۇتقىنى بىلەن،
قانداقتۇر بىر ئارمان چاقنار كۆزىدە...

مەشرەپنىڭ ناۋاسى توختىدى بىردىن،
جامائەت بىردەملىك قىلىشتى سۈكۈت.
زوھـور ئاۋازى شۇنچىلىك جۇشقۇن،
مۇشائىر قىلدى ئۇ بىر قانچە كۇبلېت.

گېنېرال تابىلمۇ كۆرسەتتى يەنە،
مەرگەنلىك كەسپىدىن ئاجايىپ ھۈنەر.
بىر چاغدا باشلاندى قايتىدىن قىقاس،
قىقاسقا ئۇلاشتى بېيىت نەزمىلەر.

ھەممىنىڭ چىھرىدە بەختىيار كۈلكە،
قەلەمقاش زىبالار چۈشتى ئۇسسۇلغا.
كۆردۈمكى قەيەردە ھەممىسى تونۇش،
ھە، ئەنە قارىغىن راجى بالىغا.

بىر بىيىت باشلىدى زىۋانىساخان،
جاۋابەن ئېيتتى بىيىت روزى قىزمۇما.
زوق ھەۋەس قوزغالدى بەلكى قەلبىدە،
قوشاققا ئارىلاشتى ھەم ئوماي ئانا.

جەننەتتە ئوينالدى «توخۇ ئۇسسۇلى»،
ھەم «چىراغ ئۇسسۇلى»، «مىلىس مەشرىپى».
ئوينالدى بۇ كېچە قانچىلاپ ئويۇن،
ئوينالدى ھەتتاكى «باغدات مېھمىنى».

جەننەتتە ئادەملەر ئۆتەركەن ئىناق،
ئۇلار كىم، بۇلار كىم دېمەسكەن پەقەت.
ھاياتنىڭ مىزانى ھەممىلا ئادەم،
باراۋەر ھەم ئەركىن ياشاركەن ئەبەت.

ئۇ يەردە سەنئەتنىڭ قەدرى بەك ئۇلۇغ،
سەنئەتكە ھېرىسمەن ھەممىلا ئادەم.
ساقلانغان ئۇ يەردە ھېچبىر زەخمىسىز،
قەدىمىي ئۆرنەكلەر ئاجايىپ كۆركەم.

ئۇ يەردە بىراۋنى، بىراۋ غاجاش يوق،

ئۇ يەردە ياخشىلار توپلاشقان ماكان.
مىللەتنىڭ ئەل ـ يۇرتنىڭ غېمىنى يېگەن،
ئەسلىنىپ تۇراركەن مەردانىلار ھامان.

3

چىللايدۇ خورازلار ئۇزاقتىن ئۇزاق،
ئىتلارمۇ كىمگىدۇ ھاۋشىيدۇ تىنماي.
يىگانە ئولتۇرۇپ تاغنىڭ باغرىدا،
تۇنۇدۇم بۇ كېچە ئۆيگىمۇ يانماي.

بۇ كېچە نورۇزنىڭ قۇتلۇق كېچىسى،
چۈش كۆردۈم كۆرگىنىم خاسىيەتلىك چۈش.
چۈشۈمنى ئېپ قاچتى ئىلاھى سۇمرۇغ،
ۋۇجۇدى ئالتۇندىن، قانىتى كۈمۈش.

چۈشۈمنى قوغلىدىم، يول ئالدىم دەرھال،
يولۇمغا ئېسەنلىك تىلىدى قۇياش.
بۇ چاغ نەگىدۇر غايىپ بولدى ئاي،
يىراقتا تەبەسسۇم ئەيلىدى باغداش.

## تۇرا

بىر قەدەمىي يۇرتنىڭ شاھىدى،
ھەر تۇرادا ئاجايىپ ھېكمەت.

تىلسىز دېمە ئۇلار سۆزلەيدۇ،
نى قۇربانلار ئۈچۈن رىۋايەت.

يالقۇنجايدۇ ئوغۇز مەشئىلى،
قاراۋۇللار كۆزى يىراقتا.
ھە دېگەندە شۇنچە جەڭگىۋار،
ئۇيغۇر ئوقى بەتلەك سادىقتا.

ھۇن ئەسكىرى ئوقيا ئاتقاندا،
ياۋ كۆزىدىن چاچىراپ چىقتى قان.
تۇرۇك ئېتى كىشنەيدۇ ئاچچىق،
غالىپ تۇغىنى يەلپۈتۈپ ھەر يان.

شۇ ئۆتمۈشلەر قالدى ئۇزاقتا،
نى قىسمەتلەر تىلسىملىق جەريان.
تەۋرەنمىدى تارىخ شاھىدى،
لېكىن قانچە سوقسىمۇ بوران.

يامغۇرلاردا ئىزنا خارابە،
بوي ئەگمىدى سەلگە ھېچقاچان.
تۇرار ئەنە مەغرۇر قەد كېرىپ،
ئىۋىرغولنى بويلاپ يانمۇ يان.

بىر قەدىمى ئەلنىڭ شاھىدى،
ھەر تۇرادا ئاجايىپ ھېكمەت.
تىلسىز دېمە ئۇلار سۆزلەيدۇ،
شۇ ئۆتمۈشتىن ئۆلمەس رىۋايەت.

ئابدۇكېرىم سوپى

# نومۇس

بىلىڭلاركى ئايا دوستلار بۇ دۇنيادا نېمە نومۇس،
قانۇن - تۈزۈم، شەرىئەتتە ھەممىدە باردۇر نومۇس.
ھەر كىمنى ۋەيران قىلۇر بىلمىسەڭ ئارۇ نومۇس،
ئادەمىي يولدىن ئېزىپ ھايۋانغا يۈز ئاچقان نومۇس.

ئىنتىلىپ شانۇ شەرەپكە ئېسىلىپ ئېگىز شوتىغا،
يەتمىسە بوي بالدىقىغا كېسەك تىزىپ پۇتىغا.
خوشامەتكويلۇق بىلەن سوۋغات سېلىپ قوينىغا،
باش ئۇرۇپ قولتۇق يالاپ ۋىجدانىنى ساتقان نومۇس.

بىرنى كۆرسە ئاھ ئۇرادۇر، بىرنى كۆرسە جان بېرىپ،
ئازغىنا مەنپەئەتنى ئويلاپ تېنىگە ماغدۇر كىرىپ،
پارە بېرىپ پارىخورغا ئەگىشىپ تىزەك تېرىپ،
نەپ تاپاۋەت قوغلىشىپ دوستىنى چاققان نومۇس.

لالما ئىتتەك ئەكىلەپ قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ،
ئەمەلدارنى كۆرگەن يەردە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ،

چىن نىيەتلىك، ئاق كۆڭۈللۈك ھەق يولىنى قىڭغايتىپ،
ئۇلغايتىپ غەۋغا-جېدەل سەرەڭگىنى ياققان نومۇس،

بۇلۇڭ پۇشقاقتا ئۇرۇپ لاپ، ئۆزىنى ئەۋلىيا ساناپ،
دەر تېخى مەردانىمەن كۆڭلۈم توپ-توز سىم تاناپ،
پىتنە-پاساتتىن ئۇ كىيىپ يۇرسىمۇ كىپەن-كاناپ،
باشقىلارنى ئادىمىچە كۆزگە ئىلمىغان نومۇس.

گەرچە دوچ كەلسە ئاڭا مۇشكۇل-جاپا قىيىنسەپەر،
تۇرسىمۇ يار ئالدىدا دۇمۇلاش خېيىم-خەتەر،
شۇ تۇيۇق يولدىن مېڭىپ بولسىمۇ ھالى بەتەر،
ھېلىلا قىلغان سۆزىدىن يەنىلا تانغان نومۇس.

كۆيىمىسە نەپسى ئەگەر ۋەيلۇن دوزاق ئوتىنى يەپ،
ئاخىرى بىر كۈن كېلۇرمۇ مۇرادىمىنىڭ ھاسىلى دەپ،
كۆڭلىدە چوتنى سوقار مەفسىتى ئېلىشقا نەپ،
قىلچىلىك چەكمەي جاپا داستىخاندا يۇز تاپقان نومۇس.

ئاددىي غېرىپ مىسكىنلەرنى يەردىكى بىر خەس بىلىپ،
زەررىچە بىلىم بىلەن «ئالىم» تونىنى كىيىپ،
قۇرۇق سۆلەت ھەيۋىنى ئۆزىگە دەستەك قىلىپ،
«ئالىي جانابلار» كەتمىنىنى ئۆلگىچە چاپقان نومۇس.

ئۆز خۇدىنى پايلىيالماي ھاراق ئىچىپ نەشە چېكىپ،
يوقىتىپ ئۆز ھوشىنى كوچىلاردا مەست يېتىپ،

بىرلىپ ئارزۇ ـ ھەۋەسكە كىمنى كۆرسە ھىجىيىپ،
نارەسىدە قىز ـ جوگانلارغا پىنھانە قاش ئاتقان نومۇس،

كاتتىنى كۆرسە شاپاشلاپ ئۆزمە كۆكۈللۈك قىلىپ،
باشتا سۆيگەن يارىنى كونىراپ كەتكەن بىلىپ،
غەمگە پېتىپ يۈرىكىگە تۆگىمەس داغنى سېلىپ،
باش كۆتۈرمەي ياستۇق قىرلاپ ئۇيقۇغا پاتقان نومۇس.

كىيىمشلىرى گۈللۈك كۆينەك، شىملىرى كاناي ئېغىز،
سۆزلىرى قۇرۇق شاكال ئۇنىڭدا يوقتۇر مېغىز،
ئايرىغىلى بولماس ئۇنى ئەرمۇ يا، خوتۇنمۇ ـ قىز،
ئۆستۈرۈپ گەدەندە چاچنى خوتۇنكەبى يۈرگەن نومۇس.

ئىش دېسە بەدەر قېچىپ مەيخانىنى تۇتۇپ ماكان،
ئۆز مەيلىچە بولغىنىدا قارىماس ئەمگەك سايان،
ئاڭقىرالماس ئۆز يولىنى سەپىرى زادى قايان؟
ئىشلىگەن چىشلەر چېغىدا سارغىيىپ تۇرغان نومۇس،

ئەردىگەن ئەردەك بولۇر مەيدانغا چۈشكەن شىردەك بولۇر،
ھەم كىچىك پېئىل ھەم سەمىمىي سۆزلىرى بىردەك بولۇر،
ماختىنىشنى، لاپ ئۇرۇشنى ئۆزىگە نوقسان بىلۇر،
مىكىردىن يۇزرەك ياساپ ئەلگە توزاق قۇرغان نومۇس.

يىگىت نامى ئەلگە مۇناسىپ دۈشمىنىگە يار ئەمەس،
ئەل ئۈچۈن ئىچى كۆيەرنىڭ ئۆلىكىمۇ خار ئەمەس،
بولمىسا ۋىجدان ئۇنىڭدا، ئەل ئۇنى ئىنسان دېمەس،
يىگىت ئۈچۈن ئەل ئالدىدا يەرگە قاراش بەكمۇ نومۇس...

هۇرىيەت راخمان

## مەھمۇتنىڭ تېغى

ئوپالدا باردىكەن گۈزەل كۆركەم تاغ،
ئۇ تاغنىڭ ئىسمىدۇر «مەھمۇتنىڭ تېغى».
ئۇ شۇنداق قويۇلغان بىلىمگە سىمۋول،
بىلىمدۇر ئىنسانىنىڭ ھۇرمىتى - پەخرى.

مىڭ يىل مۇقەددەم بوۋام ۋاقتىدا،
ئىنسانلار بىلىمگە ئىنتىلگەن چاغدا.
ئۇستاز قىپ بوۋامنى شۇ جايغا كېلىپ،
مەردىپەت ئىزلىگەن شۇ تاغ باغرىدا.

ئىلىمگە ئاشىنا مەھمۇت — ئول بوۋام،
ئاشۇ تاغ باغرىدا مەكتەپلەر ئاچقان.
بىلىمنى تەھسىل قىپ خەلقى ئۇچۇن ئۇ،
مەرىپەت مەنزىلى ئۇ يەردە تاشقان.

بىلىمگە ئىنتىلگەن ھەر قانداق كىشى،
باراركەن شۇ جايغا تاۋاپ قىلىشقا.
شۇندىلا تاپاركەن ئۇلار ساۋابنى،

تىرىشقاچ مەرىپەت ئەھلى بولۇشقا.

ساپ ھاۋا، زۇمرەت سۇ مەنزىرىلىك جايدا،
پەخىرلىك ياشىغان بوۋامىمۇ شۇندا.
تەربىيىلەپ كۆپلىگەن ئەدىبلەرنى ئۇ،
ئاخىرى جاي تۇتقان شۇ تاغ باغرىدا.

بىلىملىك كىشىلەر شۇندىن مۇقەددەم،
داۋامەن سەجدىگاھ تۇتقان ئۇ يەرنى.
شۇكىلاشقا ياد ئېتەر ئۇلۇغ بوۋامنى،
بىلىمدۇر ئىنسانىنىڭ ھۆرمىتى — پەخرى.

## ھاي - ھاي تېرەك

بوۋامنىڭ ھاسىسى سانجىلغان جايدا،
ئۆسكەن بىر باراخسان خىسلەتلىك تېرەك.
ئۇنىڭ ھەم يىلتىزى بۇلاق ئىچىدە،
ئەتراپى دەرەخلەر بۆلەك ۋە بۆلەك.

كىشىلەر ئاتىغان ئۇنى ھاي - ھاي تېرەك،
يىلتىزى بىر چەشمە بۇلاققا تۇتاش.
غوللىرى كۈمۈش، ياپرىقى ئالتۇن،
سۇلىرى شىپالىق شەربەتكە تولغاچ.

كۆرسىڭىز كىتابىخان ئۇ تېرەكنى سىز،
ھەيرانلا قالىسىز ھاسىغا ئوخشاش.

رىۋايەت تىلىدا بوۋام ھاسىسى،
شۇ جايغا «ھاي - ھاي» دەپسانجىلغان بولغاچ.

× × ×

ئۇنتۇلماس تاكى ھەم يەنە مىڭ يىلدا،
ئۇيغۇرنىڭ پەخرلىك ئالىمى نامى.
ئۇ بوۋام تونۇلغاچ دۇنياغا مەشھۇر،
بىلىمدۇر ئىنسانىنىڭ ھۆرمىتى — پەخرى.

◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆

يۇسۇپ كېرەم

## بوۋامغا سوئال

سەييارىلەر سەيلىگاھى زېمىنىڭ،
زىننىتىدۇر ئەھلى مۇقام ناۋاسى.
كۆكتە يېنىپ تۇرغان نۇرلۇق يۇلتۇزلار،
يۇلتۇز ئەمەس، ناخشىمىزنىڭ جۇلاسى.

چۈنكى يۇلتۇز چاقنار كۆكتە نۇرلىنىپ،
ناخشىمىزغا بېرىپ ئوتلۇق ئىشقىنى.
كىم بىلىدۇ سەييارىلەر كېزەمدۇ،
ناخشىمىزدىن ئۈزەلمەي چىن رىشتىنى؟!

ھايات بىلەن تەڭ ياشايدۇ شۇڭلاشقا،
ئەجدادلاردىن مىراس قالغان ناخشىمىز.
شۇ ناخشىنى ئېيتىڭ بوۋا مىڭ يىللار،
بىزمۇ ئېيتىپ يېڭى داستان يازىمىز.

بىراق بوۋا ئېيتىۋەرسەك بولامدۇ؟
ناخشا ئېيتىپ ئۆتىۋەرسەك بولامدۇ؟
پەن - مەرىپەت ئۆتكىلىنى بويلىماي،

## بىر كېچىكتىن كېچىۋەرسەك بولامدۇ؟

قاياقتىندۇر كەلدى ياڭراق بىر سادا،
دېدى بوۋام: «ئۆتىۋەرمە غەپلەتتە.
پەن - مەرىپەت بىلىمىز گويا ناخشا گۈل،
بىلىمسىز گۈل قۇرىمامدۇ، ئەلۋەتتە.»

ئۆتكۈر يۈنۈس

# ھەسرەت

قەدىرلىمەي زايە قىلدىم گۈزەل ياشلىق باھارىمنى،
ئەيشى ـ ئىشرەت لەززىتى غازاڭ قىلدى لالە زارىمنى،
بايان قىلسام بولۇپ دىلكەش بىلەر كىم نالە-زارىمنى،
ئۆرۈپ باشىم توۋا قىلسام، كەچۈرەر كىم بۇ گۇناھىمنى،
ئىچىپ ئۇيقۇم، تاپاي ئىزلەپ ۋاپادار ئەسلى يارىمنى.

ئۆتتى ھايات كەيپىلىكتە قاراپ ھۆسنى گۈزەللەرگە،
بولۇپ بىھۇش گۈزەللەر توۋلىغان ئىشقى غەزەللەرگە،
بولۇپ مەن مەستانە گۈل پەرى تۈس شېرىن سۈخەنلەرگە،
كى ۋىجدان ئالدىدا قەرزدار بولۇپ نۇرغۇن بەدەللەرگە،
بۆكىنگە جىگدە سىپ ئۇينايتتىم كۆپ ئۇ گۈلئۇزارىمنى.

يۈرۈپتىمەن ھەر كۈنى كەيپى ـ ساپالارغا بولۇپ بەندە،
چېكىپ بەڭنى بولۇپ مەستخۇش، سىزىپ ئۆزۈمنى شاھزادە،
بېلىنى تولغىسا، گىتار چېلىپ بولدۇمكى سازەندە،
ئىچىپتىمەن دەتتەنكومغا، ئىسسىق جېنىم قالدى تەندە،
شىپا ئىزدەپ كۆرسەتتەي قاي ھېكىمگە بۇ بىمارىمنى.

بولۇپتىمەن نازىنىنلار ئاغزىغا مەن كۆپ مازۇز،
ئاقىۋەت ھەسرەتتە قالدىم مەنزىلگە يېتەلمەي يالغۇز،
ۋەياكى چىقمىدى ئۈيناپ - كۈلۈپ باشىمغا بىر مۇڭگۈز،
قارارنەپرەتتە ھەر گىياھ، تاغۇ تاش، سامادا يۇلتۇز.
بارچە نەپرەتبىلەن باقسا ئېيتاي كىمگە ئاھۇزارىمنى.

چىقاي غەپلەت ئىچىدىن يۇلقۇنۇپ، يۈرمەي نادامەتتە،
يېرىپ دولقۇن ساھىلسىرى ئۈزەي غەيرەت-جاسارەتتە،
ۋىسالىغا يېتەي يارنىڭ، ئۆمرۈم ئۆتسۇن سائادەتتە،
خەلقىمىز «ۋاپادار ئوغلۇم» دېگەي ئاندىن شۇ سائەتتە،
تاپاي مەن جان تىكىپ ئىزدەپ، ئۈمىدئاتلىق شۇيارىمنى.

مۇھەممەت ياقۇپ

# دېمە

بىر كۆرۈپ نازىنىن چىرايىنى ئالدىراپ كۆيدۈم دېمە،
دىل بېرىپ شېرىن سۇخەنگە مەن سېنى سۆيدۈم دېمە.
كۆرمىسەڭ لەيلىنى راستتىن، خەس ئۇنى كۆردۈم دېمە،
سەزمىسەڭ قىشتا باھارنى ئادىمى بولدۇم دېمە.

بەزىلەر باغلار مۇھەببەت ياندىكى يۇلۇڭنى دەپ،
ھەر تەرەپكە سوزسا يەتكەن شۇ ئۇزۇن قولۇڭنى دەپ.
ئېگىلىپ تەزىم قىلار ئۇ سەندىن ئالماققا نەپ،
جىسمى پۇتكەننى تامادىن سەن ھەرگىز دوستۇم دېمە.

«قېرىدىماس ئالەم پەقەت كېتىدۇ ئادەم قېرىپ،»
دوست ئۆتۈپ، دۇشمەن قالۇر كەينىدىن پاخال تېرىپ.
ياشىغىن مەيداندا مەردتەك ئەل ئارا كۆكرەك كېرىپ،
ئەل بۇزار شەيتاننى سەن ئۆز بىلەن ھەمدەم دېمە.

كۆيسىمۇ ھەم ئاقسىمۇ مال ـ مۈلۈك، دۇنيالىرىڭ،
ئوتتا كۆيمەس، سۇدا ئاقماس ئىجادى ھەم مېھنەتلىرىڭ.
ئەل بىلەن بولساڭ قەلبداش ھەل بولار تىلەكلىرىڭ،
كۆز يۇمۇپ تۇپراققا كىرسەڭ ھاياتتۇر سەن، ئۆلدۈم دېمە.

## چىن مۇھەببەت

گۈل يۈزۈڭگە تىكىلسەم ئۇزاق،
خۇشاللىقىم دىلىمغا پاتمايتتى،
بەختىم كۆرۈنگەن قارا كۆزۈڭدە،
ۋاپادارلىق نۇرى چاقنايتتى.

ئەپسۇسكى، ئېيتالماي يۈرەك سۆزۈمنى،
قىينالدىم تالاي ۋاق ئوتتۇڭدا سېنىڭ.
بىلگەنتىڭ ئۆزۈڭمۇ ئاشۇ سىردىمنى،
تەلمۈرۈپ قارىغان كۆزۈمدىن مېنىڭ.

ئۆكتەبىرنىڭ گۈزەل كۈنلىرى،
تولدى قەلبىم ھاياجان بىلەن.
ۋەدەڭنى ئاڭلاپ سۆيۈندى دىلىم،
تەسۋىر ئېتەلمەسمەن ئاددىي تىل بىلەن.

— نە كېرەك ئېيتقىنا، تويغا تويلۇققا،
دېدىم مەن ئالدىراپ تەبەسسۇم بىلەن.
سەن دېدىڭ قايرىلىپ قىيا باققانچە،
بىر ئاچچىق كۈلكە ھەم دوق بىلەن.

— سەندىن پۇل ياكى مال سورىمايمەن،
چىن ئىشقى مۇھەببەت ئاشىققا كېرەك.
كۆيگىنىڭ دىلىڭدىن راست بولسا ئەگەر،
سۆيگۈگە مال ۋە دۇنيا نە كېرەك.

ھىمرال تۇرسۇن

## كەلدىم

سېغىنىپ كەلدىم بۈگۈن يېزام مەن سېنى،
دىماققا ئۇرۇلدى ئىپار ھاۋايىڭ.
جەننەتنىڭ ئىچىدە سەزدىم ئۆزۈمنى،
ئىلھامنى قوزغىدى بۇلبۇل ناۋايىڭ.

سېخى ياز يېزامغا بېرىپتۇ ھۆسۈن،
ئاجايىپ خۇشپۇراق چېچەكلەر بىلەن.
كۈنسېرى گۈللەيسەن، ھامان ئۆرلەيسەن،
دېھقىنىم ئىشلىگەچ زور غەيرەت بىلەن.

ئاجايىپ گۈزەلسەن سۆيۈملۈك يېزام،
ھۆسۈنلەر بابىدا خىجىلدۇر پەرى.
ھەر چىمدىم توپاڭغا ھەر تۈپ گىياغا،
سىڭگەچكە دېھقاننىڭ ساپ ئالتۇن تەرى.

مەنمۇ تۇغۇلۇپ ئۆستۈم قوينۇڭدا،
شۇڭلاشقا مەن ساڭا دىلىمدىن ئامراق.
ھەممىنىڭ بەرىكىتى سەندە بولغاچقا،
ئۆتىدۇ قوينۇڭدا ھايات بەك قايناق.

## دەريا بويىدا

مەپتۇن بولۇپ تۇرغان ئىدىم دەريا بويىدا،
كۆز چاقنىتار دەريا يۈزى قۇياش نۇرىدا.
تاغدەك ئاشلىق ئالار دېھقان ئېتىزلاردىن،
ئۆركەش ياساپ دولقۇنلانغان مۇشۇ سۇدا.

كۆزۈم چۈشتى دولقۇن ئارا يىراقلارغا،
دەريا سۈيى شاۋقۇنلايدۇ قىرغاقلاردا.
ئاساۋ ئاتتەك چېپىپ بېرىپ ئۈنچە چېچىپ،
شەربەت بولۇپ قۇيۇلماقتا مايسىلارغا.

زەپمۇ كۆركەم چىمەنزارلىق دەريا بويى،
ئىلھام بەخش ئەتتى ماڭا شاۋقۇن كۈيى.
ئەجرى قىلىپ ئىشلىگەچكە دېھقان ئاكام،
قىزىماقتا گۈل يېزامدا ھوسۇل تويى.

زورەم زىكرىيا

## چاقنىغان يۇلتۇز

(مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ سۈرىتىگە قاراپ)

تۇردۇ تۆردە بىر ئېسىل سۈرەت،
بېزەلگەن ئۆيۈمگە شاد ھۆسۈن قوشۇپ.
ھەر قېتىم زوقلىنىپ قارىسام ئاڭا،
ئاقىدۇ قەلبىمدە بىر نۇر ئۇلغىيىپ.

يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ ئەنە شۇ ئوبراز،
نۇر چېچىپ مەڭگۈگە قەلبىم كۆكىدە.
ئۇلۇغلاپ ھۆرمەتتە شەنىنى كۈيلەپ،
شۇ مۇقام شاھىغا تىزدىم گۈلدەستە.

كۆزلىرىم سۈرەتتە خىيالغا چۆمدۈم،
ئاشۇ چاغ ئاڭلاندى نەدىندۇر بىر ساز.
پۈتلىرىم شۇ تامان تېزلا يول ئالدى،
ئۆزۈممۇ نەغمىگە بولغاچ ئىشتىۋاز.

قارىسام خۇش پېئىل سازەندە ئايال،
باغ ئىچرە شىپاڭدا ساتار چالغىدەك.

مۇڭغا شەيدائى كۆيچى بۇلبۇللار،
ساتارنىڭ دەستىگە باغرىن ياققىدەك.

سۈپۈزۈك كۆللەردە رەڭدار بېلىقلار،
شۇ سازغا كەلتۈرۈپ پىلتىڭ ئاتقىدەك.
ئاققۇلار قوغلىشىپ دولقۇنلار ئارا،
كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا قانات قاققىدەك.

تەشەككۇر بىلدۈرۈپ چىمەنزارلىقلار،
شامالدا يەلپۈنۈپ چاۋاك چالغىدەك.
ئاغزىدا گۈل توشۇپ بۇلبۇل گويالار،
ساتارچى پەردىگە گۈللەر چاچقىدەك.

ھۆرمەتنى بىلدۈرۈپ مەجنۇن تاللارمۇ،
شاخلىرى ئېگىلىپ تەزىم قىلغىدەك.
شاۋقۇنلار سېلىشىپ ئېرىقتا سۇلار،
مۇقامنىڭ كۈيىگە تەڭكەش قىلغىدەك.

ھۆسنىنى ئاي دەيمۇ ۋە ياكى ئاپتاپ،
گۈزەللىك بابىدا ئىكەن بىر سۇلتان.
ئەقىلگە ئەقلىم لال، كامالەتتە ئۇ،
بى تەڭداش يېتىشكەن زېھنى نۇر چولپان.

تاڭ قېلىپ سازچىنىڭ كامالىتىگە،
باردىم مەن سالام قىلىپ قولۇم كۆكسۈمدە،

سورىسام ئىسمىنى ئۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ،
ئاماننىسا ئىكەننى بىلدىم سۆزىدە.

ئاددىيلا ئىنساندىم، خانىش ئالدىغا —
قانداقچە كەپ قالدىم دەپتىمەن ئويلاپ.
قورۇنۇپ ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالسامەن،
«كەل سىڭلىم» دېدى ئۇ، مېھرى بىر ئاپتاپ.

دېدى ئۇ: ئەي سىڭلىم سىلەر بەختتە،
ئەجدادلار ۋەسىيىتى بولسۇن ئېسىڭدە.
قۇم كۆچۈپ باسقان ئىز كۆمۈلگەندىمۇ،
ئەجدادلار ئارمىنىن كۆكلەت تەرىڭدە.

دېدىم مەن: مۇقامنى توۋلىساق ياڭراق،
شادلىنىپ خانتەڭرى ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
ناخشا ھەم مۇقامدىن تونۇلۇپ ئەلگە،
گۈللەتتۇق ئارزۇڭنى ئېلىپ مول-ھوسۇل.

مۇقامنى باغ دېسەم سەن ئاڭا باغۋەن،
مېھرىڭدىن ئېچىلدى مۇقام گۈللىرى.
چېچەكلىك باغ دېسەم قەلبىڭنى بۈگۈن،
چېچىلدى ھەر يانغا خۇشبۇي ھىدلىرى.

مۇقامدىن نۇر بەردىڭ دىلدىن دىللارغا،
ھەر كۆيۈك ئەۋجىدىن تاپتى كۈچ خەلقىم.
مۇقامسىز ئىش — ئەمگەك، تويلار قىزىماس،

ھەم كۆلمەس ھاياتلىق، ئۆمۈر ۋە بەختىم.

ئۇلۇغلاپ خەلقىمنى، ئەجداد ـ سەنئەتنى،
ئىجتىھات بابىدا داستان ياراتتىڭ.
جاھالەت زۇلۇمىغا ئوت ئېچىپ، سۆكۈپ،
مەرىپەت نۇرىنى ئەلگە تاراتتىڭ.

تىلىمدا ياڭرىسا سەن ئېيتقان كۈيلەر.
تومۇرۇم قانلىرى سالىدۇ شاۋقۇن.
قەلبىمنىڭ كۆزىدە كۆرۈپ قەلبىڭنى،
تۇتاشتى دىلىمغا ئۆچمەس بىر يالقۇن.

ئىزلىرىڭ ئىزىمنىڭ يول باشلامچىسى،
ماڭىمەن ئىزىڭدىن ئىز بېسىپ ئەبەد.
جەڭگاھتا مەدەت بوپ نۇرلۇق ئوبرازىڭ،
باشلايدۇ غەلبىگە بېغىشلاپ مەدەت.

ياڭرىسا كۈيىڭدىن پەرھاد خىسلىتى،
شېرىنىنىڭ كۆڭلى بوپ ئۇنى تىڭشايمەن.
قۇچسام دەپ ئارزۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى،
بىر ئۇلۇغ ئىستەكتە داۋان ئاتلايمەن.

مۇقامىڭ بىر نۇركى دىللارغا ئاقسا،
تاپىدۇ پەرھادتەك تاغ كېسەر كۈچنى.
شۇڭلاشقا ئەيلىدىم تاغلاردىن ئېگىز،
مۇقام شاھى ـــ ئامانىسا ساڭا ھۆرمەتنى.

دېدىم مەن: دىللارنىڭ تەشنالىقىغا،
دەرس بەردىڭ مۇقامنىڭ ئۇستازى بولۇپ.
سەنئەتنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن شاگىرتىڭ،
ئۈزمەكتە غەۋۋاستەك خىسلەتكە تولۇپ.

چاقنايسەن دىللاردا، چاقنار تارىخىڭ،
شۆھرىتىڭ ئالەمچە تىللاردا داستان.
تىرىكسەن ھىللىتىم بىلەن ئەبەدگە،
ئېيتىشىپ بىز بىلەن مۇقامنى ھامان.

ئۇلۇغۋار ئەۋلادىڭ شۇ ئىجادىڭنى،
قوغدىدى جان بىرلە بىلىپ ئەڭگۈشتەر.
تاپتى ھەم زور شۆھرەت دىل سۆيۈنگىدەك،
ياۋلارنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپ بىر نەشتەر.

مۇقاملار ئۇستازى ئەي ئامانىسا،
قەلبىڭنىڭ ئىستىگەن ئەل بۈگۈن ئاچتى.
ھەر تۆھپەڭ گوياكى باراخسان باغدەك،
ۋەتەنىڭ كۆكسىدە كۆزنى چاقناتتى.

◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇◇

سەمەت ئابدۇراخمان

## كۆزلەردىن ...

ياسىنىپسەن گۈلدەك چىرايلىق،
مەپتۇن بولدۇم ھۆسنۈڭگە قىزچاق.
باقتىڭ سەنمۇ لەپ قىلىپ ماڭا،
ئېلىپ قاچتىڭ كۆزۈڭنى يىراق.

ئەيمەنسەمۇ كۆزۈڭ كۆزۈمدىن،
كۆڭلۈڭ مەندىن ئەمەسكەن يىراق.
ئەگەر سېنىڭ مەيلىڭ بولمىسا،
ماڭا قايرىلىپ قارامتىڭ ئۇزاق؟

## ۋەدە

ئانام مېنى تۇغدى ئارزۇلاپ،
بورانقۇشتەك كۆكتە ئۇچسۇن دەپ.
جان بالامغا ئون ئىككى ① تاغنىڭ،
خاسىيىتى تامام كۆچسۇن دەپ.

ئون ئىككى تاغ كۆتۈردى مېنى،
كۆتۈردى ھەم بۇ تاغلارنى يەر.

تەۋرەتمەسەم بار كائىناتنى،
ئانا، مېنى چاغلىمىغىن ئەرا!

## ئىزلىرىڭدىن

دىيارىڭنى كۆرۈمەن دائىم،
چىمەن باغدا، يېشىل قىرغاقتا.
چۆگىلەيمەن غۇنچە يولۇڭنى،
يېقىن تۇرۇپ، گاھى يىراقتا.

تالىقلارغا تەلپۈنگەن كۆڭلۈم،
ياپراقلاردىن سېنى سورايدۇ.
نەدە بولساڭ ئىزدەپ تاپىمەن،
ئىزلىرىڭدىن سۆيگۈ پۇرايدۇ.

## قۇمۇل قىزى

گۈل بويۇڭ تاڭ قالدۇرار چوغدەك قىزارغان ئالمىنى،
قويمىغاي لىۋەنلىكىڭمۇ كېپىنەكنىڭ ھالىنى.

قاپقارا قۇندۇز چېچىڭ ھەم ئۇزۇن سۇمبۇل چېچىڭ،
چاندۇرار زۇمرەت بۇلاقنىڭ لەيلى مەجنۇن تالىنى.

گۈل يۈزۈڭدىن، گۈل لېۋىڭدىن گۈلچىمەنلەر ئەيمىنەر،
رەت قىلار زىلۋالىقىڭ باغى ئىرەم نىھالىنى.

مايسىلار بولۇق-بولۇق ئۆسكەن كەبى كىرپىكلىرىڭ،
تەڭ قىلار ھۆرلەر قېشىڭغا كېچىنىڭ ھىلالىنى.

مېھرىڭنى ئاسمان دېسەم، خالىڭ يېنىپ تۇرغان قۇياش،
بىر جۇپ زىناقىڭ ئەسلىتەر جىنەستىنىڭ سىياقىنى.

سەن گۈزەل ھەم يۇرتۇڭ گۈزەل، زامانەڭ ئاندىن گۈزەل،
شادلىنىپ چالدىڭ شۇ سازەندىنىڭ رويالىنى،

غۇنچە ئاغزىڭدىن يوپۇرماقتەك تۆكۈلگەن كۈيلىرىڭ،
تاپقۇزار بۇلبۇل بىلەن گۈلنىڭ شېرىن ۋىسالىنى.

ئەي گۈزەل قۇمۇل قىزى، سېنى پەردىن ئۈستۈن كۆرۈپ،
تەستە توختاتتى زامانىڭ كۈيچىسى خىيالىنى.

---

① ئون ئىككى تاغ — قۇمۇلدىكى 12 تاغنى دېمەكچى (ت)

**ھېمىت تەۋەككۈل**

## باشقىدىن

سەيلە قىل، دوستلار قۇمۇلنى، بولدى بوستان باشقىدىن،
باغرى ياشناپ، كۆڭلى يايراپ كۈلدى بوستان باشقىدىن.

ئون ئۈچىنچى قۇرۇلتاي نۇرىغا چۆمۈپ يۇرتىمىز،
قۇچتى غەيرەت، ئۇلۇغ نۇسرەت، كەڭرى ئىمكان باشقىدىن.

بارچە مىللەت قول تۇتۇپ ئۆرلىدۇق پەللىگە بىز،
ئەجرىمىزدىن گۈللىدى چۆل - باياۋان باشقىدىن.

تاغمۇ گۈل، باغمۇ گۈل، چاچتى دىماققا خۇشپۇراق،
گۈل ئىچىدە گۈل كۆرۈك كېلىپ مېھمان باشقىدىن.

ئاق بۇلۇتتىن تاغ بىنا بولدى قاتار ياز پەسلىدە،
بەرىكەتلىك مول-ھوسۇلغا تولدى خامان باشقىدىن.

ئەي، گۈزەل بوستان قۇمۇلنىڭ بەرنا ۋە رەنالىرى،
يازسام پۈتمەس تەرىپىڭنى قانچە داستان باشقىدىن.

ئۆستۆگدە پارلاپ قۇياش، ھۆسنۆگدە چاقنايدۇ نۇرى،
ئىلمۇ-ئىرپان ئەھلى تاپتى زور شەرەپ-شان باشقىدىن.

## يۈرەك ناخشىسى

ياشاردى يۈرەك دىللار بەختىيار زامانىمىدا،
ھوسۇلدىن بەرىكەت ياغدى بۇ يىلقى خامانىمىدا.

سىياسەت توغرا بولغاچقا دېھقاندا مۇرات ھاسىل،
سايرىدى خۇشال بۇلبۇل گۈزەل يېزا باھارىمىدا.

قۇرۇلتايدىن زەپەر ياغدى يۈرەككە بېرىپ ئىلھام،
قانات يايدى گۈزەل يېزام بۇ ئۇلۇغ ماكانىمىدا.

شۇڭا كۈيلەپ ئوقۇپ ناخشا ئاۋازىم جاراڭلايدۇ،
شادىيانە مۇقام سازلار ياڭرار مېنىڭ دۇتارىمىدا.

ئەمگىكىم ئىناۋەتلىك، تۇرمۇشۇم سائادەتلىك،
كۈندىن - كۈنگە ئۇلغۇيار كۈچ - قۇۋۋەت ۋۇجۇدۇمدا.

ئۇلۇغ غايە كوممۇنىزم ئۆرلەيمىز زەپەر بويلاپ،
كامىلكى ئىشەنچ، ئىقبال ھەر داۋان ئاشارىمىدا.

ئەركىن ئەھەت

## بەختىڭنى تاپ

ياشلىقىڭ ئالتۇن دەۋر،
ئارزۇيۇڭ كۆپتۇر سىنىڭ.
ئاشىقىڭ بولسا ۋەتەن،
ھەنىسىز ئاقماس قېنىڭ.

ھەر زامان مەردانە بول،
ئەل ئۈچۈن پەرۋانە بول،
يۈرمىگىن نامەرد بىلەن،
دوست ئۈچۈن غەمخانە بول.

سەن گويا تۇلپار بولۇپ،
توختىماي مەنزىلگە چاپ.
ياشلىقىڭنىڭ باردا،
ئال بىلىم بەختىڭنى تاپ.

## تۇيۇقلار

بىلىم ئاشىنا تىرىشچانغا، ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلا،
شىجائەتنىڭ يوتاسىدىن بېلىڭنى پۇختىلاپ باغلا.

ھەزەر قىلغىن كەمەك يەڭلىغ يامان ئىللەتھالاۋەتتىن،
باھار كەلگەي ئىلىم-پەندىن بىناقىلساڭ چىمەن باغلا.

× × ×

يېتىشمەي ئاچكۆزگە ئەسلا ھېساۋاتتا، ھەر خىل ئەمەل،
تاپقىنى كەتتى خوشامەتكە تىلەپ كۈن - تۈن ئەمەل.
گەر ئەمەل بەرسەڭ ئاڭاشۇچاغ بولۇر يۇرتۇم خاراپ،
ئاغزى قايماق، دىلى مايماق ئەھدىگە قىلماس ئەمەل.

ساتتار سالى

## ياشلىقىڭ

كەپتۇ دۇنياغا ياشلىقىڭ قالدۇراي دەپ ئەلگە ئىز،
ئۆتمىگەي بىر دەقىق ۋاقتىڭمۇ زادى مەنىسىز.

قەدىرلىسەڭ ياشلىقىڭنى بىلىم ئىزلە ئېرىنمە،
دۇنياغا بىر كەلدى بۇ جان دەپ پەس ھەۋەسكە بېرىلمە.

ياشلىقىڭ گۈللەش چېغىڭدۇر مەرىپەت گۈلزارىدا،
ئەجرىڭدىن رەيھان ئېچىلسۇن ھۆر ۋەتەن قۇچاقىدا.

مىسالى پەيدەك قەدىرسىز مەنىسىز ئۆتكەن ھايات،
ئەلگە تەر تۆكسەڭ ياشارسەن ئەل بىلەن مەڭگۈ ھايات.

ئەخمەت نەمەنشا

## پەن مېنىڭ يارىم

يارىمنى دەپ دەشتنى كەزسەم مەن ئۇچۇن راھەت،
چۆپ ئىزلىگەن رامبۇلىدەك بولۇپ بىتاقەت.
ئەگەر كۆكتە بولسا نىگارىم لاچىن بولۇپ مەن،
ئۇچۇپ بېرىپ بىللە ياشاي ئەبىدىل - ئەبەد.

چۈنكى ئۇ يار ئەل تەقدىرىنى تۇرغان ئىگىلەپ،
كائىناتنىڭ تىزگىنىنى تۇتقان يۈگەنلەپ.
شۇ يار ئۈچۈن كېرەك بولسا ناۋادا يىڭنە،
تۆمۈر لومنى ئۈپرىنارمەن تىنماي ئىگەكلەپ.

ئۇ يار خۇددى چولپان كەبى تاڭنىڭ بەلگۈسى،
ئۇنىڭ بىلەن روناق تاپار گۈزەل كەلگۈسى.
مىسالى ئۇ تېگى چەكسىز دېڭىز-ئوكياندۇر،
ۋەسلىگە يەتسەڭ بولار سەن ئۇنىڭ تامچىسى.

بۇ دۇنيادا تېپىلمايدۇ ئۇنداق ۋاپادار،
تەكەببۇرنى رەھىمسىزلەر قاتتىق جازالار.
ھەمراھ قىلساڭ ئەگەر شۇ يار، گۈزەل جانانىنى،
مەشئەل بولۇپ يوللىرىڭدا پارلاق نۇر چاچار.

سورساڭ ئۇنىڭ ئىسمى پەن ۋە مەدەنىيەت،
ئىنسان ئۈچۈن ئۇ قورالدۇر، بىردۇ مەدەت.
كىمكى ئەگەر شۇ جانانغا بولسىلا شەيدا،
بۇ دۇنيادا چەكمەس ھەرگىز قايغۇ ۋە ھەسرەت.

## گۈلگە بۇلبۇل كېرەك

(«قۇمۇل ئەدەبىياتى»غا ئەسەر يېزىۋاتقان يولداشلارغا)

خۇش كۆكۈللەر ناۋائەيلەپ ئىپارھىدىنى چاچقاندا گۈل،
قوندى سايراپ قۇمۇل باغىغا يۈرەكى چاڭقىغان بۇلبۇل.

گۈلىستان تەبەسسۇمىدا قانات قاققان بۇلبۇل كۆرۈپ،
ساھىبخان شاد ناۋادا قۇتلىدى سايراپ - كۈلۈپ.

گۈلىستان مېھمانىغا كەڭرى، بۇلبۇل كېلىپ جاي ئالسۇن،
ھاياتقا مەنا بېرىپ قۇتلۇق پىيالىدىن چاي ئالسۇن.

تاغ، باغ، شەھەر ئاتلاپ كەلسە سۆيگۈ يۇرتۇمغا،
ئىلھام بولۇر غۇرۇر - ۋىجدان، ئۇرغۇ ئۇتۇققا.

بۇلبۇل كۆرسە گۈلنى سىراپ، ياشنار سۆيۈنۈپ دىللار،
قاينام-تاشقىن ھۆرمەت ئىچىدە ئۆتسۇن ئەبەدى يىللار.

### كېرەم ئابلېكىم

## مەكتىپىم

قويىنى كەڭرى ئىلىمخانىم، گۈل ئۈزارىم مەكتىپىم،
دائىما دىلىمغا ئارامىم، چاھار باغىم مەكتىپىم.
گۈل- گۈلىستان، قىش ياز، كۆزدە باھارىم مەكتىپىم،
غەمگۈزارىم، مېھرىبانىم، ئانىجانىم مەكتىپىم.
سەندە ئۆستى نەچچە يىلدىن سان-ساناقسىز ياش يۈرەك،
پەننى بىلمەك، ئوقۇمۇشلۇق، ھۆرزامان ئەلگە كېرەك.
ئەڭ چىۋەر باتۇر ئوغۇل، كۈچلۈك بىلەك، ئالى تىلەك،
جەڭ ئارا غالىپ-كۆرەشچان قوينىڭدا ئۆستۈم مەكتىپىم.
مەنمۇ قوينىڭدا يېتىلگەن غورۇر گۈلمەن، غۇنچىمەن،
ھەمدە مەن سەندە يارالغان خۇددى بىر چىن ئۈنچىمەن.
گۈل زامان ئوغلانىدۇر مەن، مەرىپەت پەرھادىمەن،
سەندە مەن خۇشبۇي پۇراق رەيھان يېتىلدىم مەكتىپىم.
ئەسلى نەچچە يىل بۇرۇن مەن شاش ئىدىم، بەڭباش ئىدىم،
ئاش - تاماقتىن باشقىنى لىللاكى بىلمەس ئىدىم.
تاسەھەردىن كەچكىچە ئويناش بىلەن چىرماش ئىدىم،
سەن بېرىپ دىلغا بىلىم ئاقىلانە قىلدىڭ مەكتىپىم.
نەچچە يىل بەردىڭ ماڭا تۈرلى بىلىم ھەم تەربىيە،
گۈل بېغىڭنى، خۇش چېچىكىڭنى ماڭا قىلدىڭ ھەدىيە.
شۇڭا مەن ساڭا ئوقۇيمەن دىلدا ھەردەم مەدھىيە،
گۈللە، ياشا، گۈل چىمەنىم، ئانىجانىم مەكتىپىم.

يۈسۈپ ئىسھاق

# چىمەن دوپپا

گۈزەل پەرىنى لال قىلغان جانانە زىننىتى دوپپا،
كۆزى چولپان، زىبا قىزنىڭ ھالال تەر مېھنىتى دوپپا.

ئىلىم-ھېكمەت نۇرى بىرلە جاھاننى لەرزىگە سالغان،
قەددى - گۈزەل شەمشات ئۇيغۇرنىڭ غۇرۇرى خىسلىتى
دوپپا.

قەلبى ئوت-يالقۇن، قولى گۈل ئېزىز خەلقىم كەشىپ قىلغان
گۈزەل سەنئەت بازارىدا چىمەنگۈل تەخلىتى دوپپا.
گۈزەللىكتە گىلەم بىرلە خان ئەتلەس شاھى-سۇلتاندۇر،
ئۇنىڭغا جۈر بولۇپ چىققان ئۇيغۇرنىڭ پەخرى دوپپا.

ئۇنىڭدىن ئۆزگە تاج-زىننەت بارمىكىن دەپ جاھان
كەزدىم،
قىلمىدىم تەڭ سۇلتان تاجىن جاھاننىڭ شۆھرىتى دوپپا.

يار ئىشقى يېنىپ دىلدا كەلگەندە شاد ۋىسال ۋاقتى،
يىگىت-قىزنىڭ يۈرەك قەلبى مۇھەببەت ئىشارىتى دوپپا.

ئەنە، شۇدۇر ئېزىز دوستۇم دىل پايانداز ئۇيغۇرنىڭ،
گويا، بۇلبۇلنى مەست قىلغان، چىمەنگۈل جەننىتى دوپپا.

ئەخمەت ناسىر

## پارچىلار

ئىلىم - پەن بېغىدا بولغىن دوستلار جەم،
مۆجىزات ياراتقىن هارماي دەممۇ دەم.
ئاچماستىن ئۇيقۇڭنى ياتساڭ كېرىلىپ،
بىر كۈنى بولىسەن نادانلىقتا يەم.

× × ×

ياغسا ساڭا ھۆر گۈزەل كۆيگىنىڭ شۇ،
بولسا رەنا قېشىڭدا سۆيگىنىڭ شۇ.
توۋلاۋېرىپ « يارى - يارنى » يار ئۈچۈن،
ئەل - ۋەتەننى ئۇنۇتساڭ ئۆلگىنىڭ شۇ.

× × ×

تىرىشقىن ئۆمرىڭدە قىلماسقا خاتا،
كىيىسەڭمۇ تېنىڭگە كۆرۈمسىز ماتا.
ھەق سۆزلە، ھالال يە، ئېزىز بۇرادەر،
بېشىڭغا چۈشسىمۇ كۈلپەت ۋە جاپا.

× × ×

تۆرەلدىم دۇنياغا پەھلىۋان سۈپەت،
دەپ ھەرگىز ئۆزەڭنى كۆرەڭ چاغلىما.
قۇچۇپ شان ـ شەرەپلەر بولساڭمۇ باتۇر،
بىراۋنى يارىماس دىۋەڭ چاغلىما.

× × ×

ياخشىلار ئۇچرىسا پالاكەتكە،
يامانلار دەيدىكەن بەلەن بوپتۇ.
يامانلار ئۇچرىسا ھالاكەتكە،
ياخشىلار دەيدىكەن يامان بوپتۇ.

× × ×

ماختانما بۇرادەر بايلىقىڭ بىلەن،
ئوخشاشلا ماڭمىسەن ئايغىڭ بىلەن.
كەمتەرلىك كەمىردىن باغلاپ بېلىڭگە،
ياشىغىن ئادەملىك سىياقىڭ بىلەن.

× × ×

سەرۋىدەك بولسىمۇ قامىتىڭ،
قوش ـ قوشلاپ كەلسىمۇ ئامىتىڭ.
ھاياتتا ھەر ۋاقىت بول پەخەس،
كۆرۈنمەي جىم كىلەر ئاپىتىڭ.

× × ×

دوستلار ئارا بولساڭ سىپايە،
قىلار سېنى ھەممە ھىمايە.
مەنمەنچىلىك قىلساڭ قىزارماي،
ئۆلپىتىڭدۇر تەنە ـ كىنايە.

× × ×

زىل، بوم تارى تىترىمىسە تەڭ،
مۇڭىدامەپتۇن قىلارمۇ دۇتار.
بىلىنىدۇ كەڭ جاھان قۇدۇق،
دىلى باشقا ئۈز بولسىمۇ يار.

× × ×

شۇڭغۇپ ـ شۇڭغۇپ پەلەكتىن لاچىن،
چاڭگىلىغا ئالدى توشقاننى.
ئولجىسىدىن شادلاندى ئۇۋچى،
چوقۇپ قالدى لاچىن ئۇستىخاننى.

پاتىگۈل سەمەت

## گۈزەل يۇرتۇم

سەن گۈزەل، سەن ئۇلۇغ جانىجان يۇرتۇم،
شۆھرىتىڭ ئالەمدە بۈيۈك بىر داستان.
قۇت بېرىپ ئۆتمىدۇ ئىزلىرىڭ ھامان،
ھۆر بەخت جىلۋىسى چېھرىڭدە ئايان.
سەن گويا جەننەتتەك گۈزەل بىر ماكان.

ئەزەلدىن كۈرەشچان، جەڭگىۋار خەلقىڭ،
مېھنىتى چۆللەرنى ئەيلىدى بوستان.
ھەر مىللەت ئۆم ـ ئىناق خۇددى بىر تۇغقان،
يۈكسىلىش سېپىدە توختىماس كارۋان.
سەن كۈرەش، سەن مېھنەت سەھنىسى ھامان.

ئېھ، كۈزنىڭ يېقىملىق سەلكىن شامىلى،
ئالتۇنرەڭ ياپراقلار تۆكۈپ كېلىدۇ.
مول ـ ھوسۇل تۇس بەرگەن كۆركەم جۇلالىق،
توي ـ مەشرەپ قاينىغان جەننەت ھاۋالىق،
سەھرايىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

مال ـ چارۋا ساناقسىز يايلاقلىرىڭدىن،
چوپانىنىڭ يېقىملىق كۈيى كېلىدۇ.
قوغۇنزار، ئۈزۈمزار بوستانلىرىڭدىن،
كۈي ـ مۇقام ياڭرىغان گۈلزارلىرىڭدىن،
خەلقىڭ شاد لەززەتتە كۈلۈپ كېلىدۇ.

گەر سەيلى ئەيلىسە باغرىڭنى ھەر كىم،
بۇ گۈلگۈن بەستىڭگە زوقى كېلىدۇ.
مېھماندوست، قولى گۈل ھۆر قىزلىرىڭغا،
مەرد ـ ئىشچان، يېڭىلمەس پەرھادلىرىڭغا،
چىن دىلدىن قايىللىق سۆزى كېلىدۇ.

كامال تاپ، كەلگۈسىڭ پارلاق تېخىمۇ،
سەندە بار كۈچ ـ مادار، سەندە بار ئىمكان.
ئەجرىمدىن ئېچىلسا باغرىڭدا رەيھان،
بىر ئۆمۈر دىلىمدا قالمايتتى ئارمان،
ئېھ! پۈتمەس سۆيگۈمسەن يۇرتۇم ئانا جان.

ئىسمايىل مۇھەممەدى

## مەن ئۆلدۈم

مۇردىمەن شۇ تاپ دوزاقتا ئۆزۈم،
ئىشەنگەنسەن ئۆلگەنلىكىمگە.
يارۇ دوستىمىز ئۇزۇتۇلدۇم ھەم،
پەقەت بىر سېنى سۆيگەنلىكىمگە.

ئىشەنمىدىڭ تىرىك چېغىمدا،
كۆيدۈم دېسەم تاشلىدىڭ كەتتىڭ.
يۈرىكىمنى گويا گۆش بىلىپ،
زىققا سانجىپ كاۋاپلار ئەتتىڭ.

كۆزۈمدىن شۇ چاغ ياشىنىڭ ئورنىدا،
كۆز گۆھىرىم يەرگە ئاقتىغۇ.
تۇرسىمۇ توپا ئىچىرە كۆز گۆھەر،
تەلمۈرۈپ يەنە ساڭا باقتىغۇ.

چاڭقاپ، سۆيۈشنى ئىزدەپ لەۋلىرىم،
تېنىم تىلىدى سەن ياردىن دەرمان.
سۆيەلمىسىمۇ، قۇچىقىڭدا دىل،
جان بېرىشنى قىلدىغۇ ئارمان.

بىراق ئىشقا ئاشىدى ئارمان،
تىلەك تىلەك پىتىچە قالدى.
ئەمدى ئۆلدۇم كەڭرى بۇ جاھان،
مانا ساڭا كەڭرى پىتى قالدى.

ئەمدىغۇ ساڭا كۆيسەمۇ بىر كىم،
يالغان كۆيەر، مەن كەبى كۆيمەس.
مەنغۇ ئۆلدۇم ئەمدى باشقىسى،
تىرىك تۇرۇپ سەۋدادەك ئۆلمەس.

قەبرەم تۇپراقنى ماكان ئەيلىگەن،
ھۇقۇشلار شۇ تاپ ئەنسىز ھۇۋلايدۇ.
ئىچ ئاغرىتىپ يالغۇزلۇقۇمغا،
ھەمراھلىققا سىنى تۇۋلايدۇ.

كەلمە ئامرىقىم ئىچىڭ ئاغرىتىپ،
مېنى تىرىك ئۆلۈپ ياتار دەپ.
دەپ قوي مېنى سورىغانلارغا،
ئۆلسەمۇ كۆڭلى يەنە باھار دەپ.

ئەمەت ئابدۇراخمان

## يۇلتۇزغا قاراپ

باقىمەن ھەر كېچە يۇلتۇزغا تەنھا،
يۇلتۇزلار جىمىرلاپ كۆز قىسار ماڭا.
قەلبىمدە ھاياجان، دىلىمدا سۆيگۈ،
چۈنكى شۇ يۇلتۇزلار ماڭا چىن ھەمرا.

يۇلتۇزلار زوق تارتىپ كۈلىدۇ ئۇماق،
چېھرىدە سېزىمەن شادلىق جىلۋىسى.
يۇلتۇزلار ئېيتىڭلار سۆيگۈ سىرىنى،
دىلبەرنىڭ بارمىدۇ ماڭا ھەۋىسى.

ئىسرائىل كېرەم

## ئىناق بولسا

ئۇلۇغۋار خەلقىمىز قۇدرەت تاپار دائىم ئىناق بولسا،
سائادەت ئىلكىدە مەغرۇر ياشار دائىم ئىناق بولسا.

جاپا-مۇشكۇلگە باش ئەگمەس، ئەقىل ۋىژدانىنى چەگمەس،
تۇمەن ئۆتكەل - داۋانلاردىن ئاشار دائىم ئىناق بولسا.

قاۋانلا چىش بىلەپ كەلسە، ئوزۇققا جان تىلەپ كەلسە،
قاباھەت قەستىنى گۇمران قىلار دائىم ئىناق بولسا.

ۋەتەنمۇ ھەر قاچان ئۆرلەپ، يېتەر ئارزۇسىغا گۈللەپ،
مۇھەببەت لالىسى ياشناپ تۇرار دائىم ئىناق بولسا.

بازار قايناق، كۆڭۈل ئويناق ۋە تۇرمۇش جەڭگىۋار، قوۋناق،
خۇشاللىق بۇلبۇلى خەندان ئۇرار دائىم ئىناق بولسا.

ھاياتتا ئۆز ئارا ھۆرمەت بېغىشلار روھ، ئۈمىد، قۇۋۋەت،
بۇ خىسلەت - ئەنئەنە ئۆچمەي قالار، دائىم ئىناق بولسا.

پايانسىز دەشت، قاقاس سايدا يائىز باسماس تالايجايدا،
بېھىشتەك باغ ـ ۋاران پەيدا بولار دائىم ئىناق بولسا.

زامان ھۆسنى ئىلىم ـ سەنئەت ئۈنىگسىز يوق زىديا نۇسرەت،
ئىلىم جانانىنىڭ ۋەسلىن قۇچار دائىم ئىناق بولسا.

نەھاجەت ئاھ ئۇرۇش بۇندا، ياماشسا ئۆزگىلەر ئايغا،
شۇ ئايغا بىر كۈنى چىقار خەلقىم ئىناق بولسا،

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق بولماس»«ئىزىدىن قايتمىغاي
يولۋاس»
مۇراد گۈلشەنىدە مەشرەپ ياسار دائىم ئىناق بولسا.

ئەپارگۈل داۋۇت

## ئىتتىپاقلىق كۈيى

«تىلى ياتنىڭ دىلى يات»،
دېگەن زەھەر پەتىۋا.
بىلگەن ئۇنى ئىلگىرى،
شوم ـ رەزىللەر ئەتىۋا.

كىم ياخشىدۇر كىم يامان،
تىل ئەمەستۇر بەلگىسى.
قوشماقتىدۇر تۆھپىلەر،
ۋەتەن ئۈچۈن ھەممىسى.

ۋەتەن بولسا بىر دەريا،
مىللەت ئۇنىڭ تامچىسى.
ۋەتەن بولسا بىر گىياھ،
مىللەت ئۇنىڭ شاخچىسى.
شۇڭا بىردۇر ئەزەلدىن،
تەقدىرىمىز، دىلىمىز.
شانۇ زەپەر قۇچىمىز،
قول تۇتۇشۇپ ھەممىمىز.

ئىسمايىل ئەھەت

# كۆر مېنى

تاڭدا گۈلىنىڭ ۋەسلىگە يەتتى ئىمكانىم مېنىڭ،
كېچە-كۈندۈز پارلىغاچ نۇرلۇق چىراغىم مېنىڭ.
باشلىدۇق شانلىق سەپەر جانلاندى دەۋرانىم مېنىڭ،
شۇ سەپەر تۇلپارى بوپ قۇچماقچى زەپەر كۆر مېنى.

بۇ ئۇلۇغ شانلىق سەپەرنىڭ پارتىيەم يولباشچىسى،
بارچە ئىشچان قىز-يىگىت ياڭراتتى سەپەر ناخشىسى،
گۈل بولۇپ ئاچتى چىراي پەن-مەدىنيەت باغچىسى،
مەنمۇ شۇ باغنىڭ ئىچىدە ئۆسمەكتىمەن شاد، كۆر مېنى.

ھەممە ياقتىن كېلىدۇ بەخت يۈزىگە خۇش ناۋا،
ئۇرۇلۇپ تۇرغاچقا ئەلنىڭ مېھرىگە خۇشخۇي ھاۋا،
تاپتى دىللار سۆيۈنۈپ جانغا شىپا راھەت داۋا،
مەنمۇ شۇ راھەت ئىچىدە شانۇ زەپەر قۇچماقتىمەن، كۆر مېنى.

چۈشتى خەلقىم بەختىيار جۇڭخۇا ئېلىدە بەزمىگە،
قولنى-قولغا تۇتۇشۇپ باسماقتا قەدەم پەللىگە،
بىر گۈزەل بوستان ياراتتۇق گۈلمەيدۇ ئەمدى مەڭگۈگە،
كۈلمىكىم ھەقتۇر شۇڭا كاككۈك بولۇرمەن، كۆر مېنى.

رەيھانگۈل غوجابدۇل

## چېچەك ۋە مەن

غۇنچە بولۇپ چېچەكلەر كۈلدى،
ئەتراپلارغا چېچىپ خۇش ھىدلار.
شادلىقىدىن چېچەكلەر تېرىپ،
قۇلاقلارغا قىسىشتى قىزلار.

ئۇزاق ئۆتمەي چېچەك ئورنىنى،
ئىگىلىدى سانجاق مېۋىلەر.
چېچەكلەرچۇ؟ توزىدى ئەنە،
ئاق شايىدىن تون كىيدى يەرلەر.

ئۆكۈنمەيدۇ ئۆمرىگە ھەرگىز،
توزۇپ كەتكەن ئاشۇ چېچەكلەر.
ئۇلار قۇرۇپ كەتتى ۋە لېكىن،
ئەلگە بەردى تاتلىق مېۋىلەر.

تىلىكىم شۇ مېنىڭمۇ شۇنداق،
چېچەك ئوخشاش مېۋە بەرگۈم بار.
ئەجرىم بىلەن باغلارنى ياساپ،
ئەلگە شەربەت ــ شىرنە بەرگۈم بار.

责任编辑：阿布都肉苏里·乌马尔
封面设计：买买提·阿尤夫

爱的旋律 （维吾尔文）
（诗 集 选）
《哈密文学》杂志编辑部选编

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码830001）
哈密地区印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 4.375印张
1991年9月第1版 1991年9月第1次印刷
印数：1——1，500

ISBN7-228-01867-2/I·627 定价：1.00元

ISBN7—228—01867—2
I·627（民文）定价：1.00元